# سادا

(ئېچكى ژۇرنال)

**مەسلىھەتچىلەر:** **لىتىپ توختى، ئەركىن ئابدۇللا**
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:** **ئىمام موللاخۇن، مەمەتئېلى**
**باش مۇھەررىر:** **مەرىيەمگۈل تۇرسۇن (2007)**
**مەسئۇل مۇھەررىر:** **توختىقارى نۇر (2008 )**

**تەھرىرات ئەزالىرى:** **(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)** ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي (2009)، ئامىنە مەتسەيدى (2011)، ئايگۈزەل شاھئۆمەر (2008)، تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)، روزاجى ئىمام (2008)، رۇقىيە تۇرسۇن ئايقۇت (2010)، زۇلپىيە تۇرسۇن (09)، زۇلخۇمار تۇردى (08)، سەردار ئۆمەر (2011)، مەمەتجان ئابدۇللا (2011)، مۇنەۋۋەر مەخمۇت (2009)، ئۇرايىم ساۋۇت (2011)

**كوررېكتورلار:** **(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)** ئايجامال ئېزىز (2011)، خانقىز مەتتوختى (2007)، شەمشىقەمەر نىياز (2009)، ماھىرەم تۇرسۇنتوختى (2007)، نۇربىيگۇل ئەھەت (2009)

**بەت لايىھەلىگۈچى:** **ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي**

**مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرتىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى**

**« سادا » ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى**

**2012 - يىل ئىيۇن بېيجىڭ**

# « سادا » غا سەمىمىي تەبرىك ساداسى

**ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي**

ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى دۇنيادا تېخى بىرلا دانە. « سادا» ژۇرنىلى بولسا، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ستودېنتلىرى، ماگىستىېرلىرى ۋە دوكتورانتلىرى قولىدىن چىقىۋاتقان بىر دۇردانە! ئۇنىڭ 10 ـ سانى مۇبارەك بولسۇن! يەنە تالاي ـ تالاي ئون سانلار چىقىرىشقا نېسىپ بولسۇن!

مەن « سادا » ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن بىر ئوقۇرمىنى: ئۇنىڭ ھەر بىر يېڭى سانى بالدۇرراق كۆرۈش، بۇرۇنراق ئوقۇشقا خېلىلا ئالدىرىتىدۇ مېنى. مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ بىر كۆرەك مەيدانى. بىراق، ئۇ مۇنداقلا بىر كۆرەك مەيدانى ئەمەس، بەلكى غايىلىك ئىرپان چەۋەندازلىرى بولۇشقا بەل باغلىغان ياش بىلىك سەۋدالىرىنىڭ بەسلەشمە ـ بەيگە مەيدانى. ئۇنىڭدا، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت دەرسلەر بويىچە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تەدبىقلاپ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى يۈز كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى ئەمگەكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى ئوخشاشلا سۆيۈندۈرىدۇ، چىن يۈرەكتىن كۈلدۈرىدۇ. « سادا » نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بەتلىرى خۇددىي بىر گۈلزار: شېئىرلىرى، نەسىرلىرى ۋە ھېكايىلىرى قۇياش نۇرىغا پۈركۈنۈپ يېڭىلا ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەردەك جەلبكار. « سادا » ئونىۋېرسال بىر ژۇرناللا ئەمەس، بەلكى بىر بەلەن يىلنامە ـ كالىندار؛ ئۇنىڭدا، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلارنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ساھەسى بويىچە قىلغان ۋە ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە ئىنسانىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ يارقىن خاتىرىسى ۋە ئىخچام بايانى بار.

شۇنداق، « سادا » ژۇرنىلى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم مەشئىلى؛ ئۇنىڭدىن سۆيۈنەر ۋە مەڭگۈ سۆيۈنگەي ئانا يۇرت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قۇتادغۇ دىلى. تىلەك شۇكى، دەرت كۆرمىسۇن ئۇنى كۆتۈرگەنلەرنىڭ ئىشچان قولى. يىلسېرى ـ بارغانسېرى داغدام بولسۇن « سادا » بىلەن ئېچىلغان مەرىپەت يولى!

**2012 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن، بېيجىڭ.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# « سادا » ژۇرنىلىنىڭ 10 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى « سادا » ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانى نەشردىن چىققان خۇشاللىق مىنۇتلاردا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان چەكسىز ھاياجان بىلەن ئۆزىمىزنىڭ « سادا » سىنى ياڭرىتىپ ھەر بىرىڭلارنىڭ ئىلىم ـ ئېرپانغا تەشنا چاڭقاق قەلبىگە شەربەت تامچىلىرىنى سۇنالىغان بولساق ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمىز.

« سادا » ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ مەكتەپ ۋە فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ھەر جەھەتلەردىن يېتەكلىشى ۋە يول كۆرستىشى، شۇنداقلا فاكۇلتېتىمىزدىكى ھەرقايسى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە ژۇرنىلىمىز بۇرۇنقى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاددىيلىقىدىن هازىرقى شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىققا، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولدى.

فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە پۈتكەن ئۇشبۇ ژۇرنال ھەممەيلەننىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىدىغان كەڭ سەيناسى، كەلگۈسىدىكى ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى نۇقتىسى ۋە شۇنداقلا فاكۇلتېتىمىز ياشلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ياڭراتقان « سادا » سىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمىسى سۈپىتىدە يادىكار بولۇپ قالغۇسى.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىراتىمىز نامىدىن ژۇرنال ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بارلىق ساۋاقداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

ھەممىڭلارغا سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، بەخت ـ سائادەت يار بولغاي!

**كامالىي ئېھتىرام بىلەن « سادا » ژۇرنىلى تەھرىراتى**
**2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى**

# بۇ ساندا

## مەخسۇس زىيارەت


ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز، جاپاكەش باغۋەن ، دوتسېنت ئىمام موللاخۇن بىلەن سۆھبەت ........
رۇقىيەگۇل تۇرسۇن ، نۇرىمانگۇل مەمتىمىن 1


## لوتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز


لوتۇن روھىنى ئىزدەپ ........ سەردار ئۆمەر 7
شائىر بولۇپ تۇغۇلغان يۈرەك ........ توختىقارى نۇر 10
لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بىپلوگىرافىيەسى ........ ئەكبەر قادىر 11
ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى خەلق سۆيەرلىك روھىنىڭ قىممىتى........مۇنەۋۋەر مەخمۇت 24
مۇبارەك لوتپۇللاھ تەۋەللۇتىڭغا ........ رۇقىيەگۇل تۇرسۇن ئايقۇت 26
لوتۇننى ئەسلەپ ........سەردار ئۆمەر 37


## ئىز ۋە ئۆلگە


چوڭلار نېمە دەيدۇ........ئىسمايىل ھېكىم ، ستىنسا يۈسۈپ ، خۇرشىدە سەمى 27


## شېئىر گۈلستانى


بىزلەر شۇنداق كېتەرمىز........ئالىمجان توختى 6
غەزەل ........ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي 75


## تۇرمۇش پارالچلىرى


ھەي ، مۇھەببەت دېگەن........ئۇرايىمجان ساۋۇت 34
ھەسرەت ........ ئەكبەرجان ئابدۇرېھىم 38
كېچىدىكى قاباھەت ........بۇسارەم قاھار 41


## ئىلمىي ئەمگەكلەر


« ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى........
........چىمەنگۈل مۇختەر 44
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا ........
........ ئابدۇۋەلى قادىر 57

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## قەلب تۇۋشلىرى

ئىزدەش ................................................................روزىھاجى ئىمام 56

## تەرجىمە كۆزنىكى

تىزلانغان ئاتا ................................................. بۇمەريەم سۇلايمان (ت) 76
مۇھەببەتنىڭ كۈچى ...........................................................روزىگۈل ئابدۇشۈكۈر (ت) 78
مەن چوقۇم زۇڭتۇڭ بولۇشۇم كېرەك ...........................................ئىسمايىل ھېكىم (ت) 79

## خەۋەر كۆزنىكى

مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر ........................................................................ 82




**روقىيەگۈل تۇرسۇن (2010)، نۇرىمانگۈل مەمتىمىن (2010)**

ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك نەتىجە قازانغان، مىللەتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيەلەش يولىدا ئۇن ـ تىنسىز ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان جاپاكەش ئۇستاز، دوتسېنت ئىمام موللاخۇن 1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 1978 ـ يىلى شەرەپ بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) غا قوبۇل قىلىنغان. 1982 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ فاكۇلتېتقا ئەدەبىيات دەرسلىرى ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قېلىنغان ۋە شۇ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «چەتئەل ئەدەبىياتى»، «ئېستېتىكا» قاتارلىق پەنلەردىن مەخسۇس بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتىلىپ، 1983 ـ يىلى فاكۇلتېتىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە فاكۇلتېتىمىزدا «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «يېزىقچىلىق نەزەرىيەسى»، «يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى»، «ئەدەبىي ئېقىملار»، «ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىگە باھا» قاتارلىق ئەدەبىيات دەرسلىرى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئارىلىقتا ئۇستازىمىز تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرى جەھەتتىكى بىلىملىرىنى تېخىمۇ تولۇقلاش يۈزىسىدىن 2000 ـ يىلى فاكۇلتېتىمىزدا ئېچىلغان ئاسپىرانتلار سىنىپىنى تاماملاپ، يەنە داۋاملىق ئەدەبىيات دەرسلىرىنى ئۆتۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1987 ـ يىلى شىنجاڭ «ئىشچىلار گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تۇمەن دەرياسى» ناملىق تۇنجى ماقالىسى... 

ئىسمىسى ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي تىنىمسىز ئىزدىنىپ بىر تۈركۈم ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۇندى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 1 ـ سان)، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 2 ـ سان)، «قەدىمكى

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى باش قاپىيە توغرىسىدا » ( « شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » 2005 ـ يىل 3 ـ سان)، « تور ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تورلىشىشى » (« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ سان)، « مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن » ( ئەدەبىي خەۋەر، « شىنجاڭ گېزىتى » 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى ساندا)، ئاپتور « ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزملىق تۈس توغرىسىدا(« شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » 2010 ـ يىل 3 ـ سان)، « ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رومانتىزملىق تۈس توغرىسىدا » (« شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » 2010 ـ يىل 4 ـ سان)، « دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا » (شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » 2005 ـ يىل 4 ـ سان)، قاتارلىق 20 پارچىغا يېقىن ئەسىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بولۇپمۇ « تارىم » ژورنىلىنىڭ 2007 ـ يىل 9 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان « يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئاۋازى »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان « مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى » قاتارلىق ماقالىلىرى كەسپداشلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن، شۇڭلاشقا بۇ ماقالىلەر مۇئەللىمنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇئەللىم ئۇزۇن يىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى تەجرىبەلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان « يېزىقچىلىق ئاساسلىرى » (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى)، « ئەدەبىي ئېقىملار » (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 3ـ ئاي نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە « رۇسچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر لۇغىتى » (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى)، « 20 ـ ئەسىر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى يىلنامىسى » (لىياۋنىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇ تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان « يېزىقچىلىق ئاساسلىرى » دېگەن كىتابى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇتلاردا ئۆتۈلىدىغان ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ياخشى بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ « يېزىقچىلىق ئاساسلىرى »، « ئەدەبىي ئېقىملار » ناملىق كىتابلىرى بولسا فاكۇلتېتىمىزنىڭ رەسمىي دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

بىز مۇئەللىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشخانىسىغا كىرگەندە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ئىكەن. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ۋاقتىنى كۆپ ئالماسلىق ئۈچۈن سوئاللىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ سوراپ، سۆھبىتىمىزنى قىسقىلا ئېلىپ باردۇق. ئالدى بىلەن مۇئەللىمنى ئۆزىنىڭ ئوقۇش ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغىنىمىزدا ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئىشلارنى ئەسلىدى بولغاي، مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. بىز ھەيرانلىقىمىزنى ھەمراھ قىلغاچ ئۇنىڭ كېيىنكى بايانلىرىغا قۇلاق سالدۇق.

ــ بىز ئوقۇغان ۋاقىتلاردا باشلانغۇچ بەش يىل، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇش بەش يىل بولۇپ جەمئىي 10يىل ئوقۇيتتۇق. ئوقۇش پۈتۈرگەنلەر يېزىغا چۈشۈپ بىر مەزگىل پىدائىي بولۇپ كەلسىلا خىزمەتكە ئورۇنلىشالايتتى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىققان يىلى، يەنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تۇنجى يىلى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ تاللاپ كۆرسىتىشى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتىم. ئىمتىھانغا قاتناشقىنىمنى

ئۆيدىكىلەرمۇ، ساۋاقداشلىرىممۇ بىلمەيتتى. ئىمتىھاندىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋەردىم. ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى، بىر كۈنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ جىددىي تۇستە « ئىمام دېگەن قايسىڭلار؟ » دەپ سورىدى. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي ئاستاغىنە ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇ « بېيجىڭغا ماڭىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مېڭىپ بولدى، سىز تېخىچە بۇ يەردە تۇرىسىزغۇ ؟ ئۆزىڭىزنىڭ بېيجىڭغا ئۆتكەنلىكىڭىزنى تېخىچە بىلمەمسىز؟ » دېدى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بېيجىڭدىكى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى ئۇقتۇم، ھەيرانلىق، خۇشاللىق، ھاياجان كاللامدا تەڭ مەۋج ئۇرۇپ، يۈرەكلىرىم تېز سوقۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، شۇ كۈنى ئۆيگە بارسام ئاپام كىر يۇيۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئەتە بېيجىڭغا ئوقۇشقا مېڭىشىم كېرەكلىكىنى دېگىنىمدە قەتئىي ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى، مەن ئۇنىڭغا چاقىرىق قەغىزىنى كۆرسەتكەندىلا ئۇ بۇ خۇش خەۋەرگە ئىشەندى ۋە كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى.

بىر كۈن ئىچىدە ھەممە رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، جىددىي تەييارلىق قىلىپ ئەتىسىلا يولغا چىقتىم. ئۆزۈم يالغۇز ئۈرۈمچىگە كەلدىم، ماشىنىدىن چۈشۈپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇردۇم. كېيىن شىلەپە كىيىۋالغان، زىيالىي سۈپەت بىر كىشىدىن پويىز ئىستانسىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ كىشى پويىز ئىستانسىدا نېمە ئىشىڭ بار، دەپ سورىدى. مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئالدىدا تەلمۈرۈپ، قورۇنۇپ تۇرغان مەندەك كىچىككىنە بىر بالىغا قاراپ ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى. مەن چاقىرىق قەغىزىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ماڭا ئىشەندى ۋە مېنى پويىز ئىستانسىغا ئاپىرىپ، تاماق ئېلىپ يېگۈزۈپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇ ۋاقىتتا ناتونۇش بىر كىشىنىڭ شۇنچىلىك مېھرىبانلىقىغا ئېرىشىپ تولىمۇ خۇشال بولغان ئىدىم. مەن ھازىرغىچە ئاشۇ كىشىنىڭ ئالاقىلىشىش ئادرېسىنى يېزىۋالمىغىنىمدىن بەكلا پۇشايمان قىلىمەن، ئوقۇشقا كېلىپ 2 ـ يىلى تەتىلدە ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا ئاشۇ ئادەمگە رەھمىتىمنى بىلدۈرسەم، قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرسام دېگەن ئۈمىددە كوچىلاردىن ئىزدىدىم، يولدا كېتىپ بارغان ئادەملەرگە تەلمۈردۈم، ئەمما پەقەتلا خەۋىرىنى ئالالمىدىم.

مەكتەپكە كېلىپلا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بىزگە خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ، غوپۇرجان، تەۋەككۇل، جۇمەخۇن نىياز، ئابدۇرەئوپ پولات قاتارلىق تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرەتتى. مەن سىنىپتىكى يېشى ئەڭ كىچىك بالىلار قاتارىدا ئىدىم. سىنىپتىكى بەزىلەر بولسا ئون نەچچە يىللىق خىزمەت ئىستاژى بار ئوقۇتقۇچى ۋە تەرجىمانلار، بەزىلەر بولسا 40 نەچچە ياشلارغا كىرگەن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن خىزمەتچىلەر، يەنە بەزىلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغانلار بولۇپ كەسپىي سەۋىيەسى يۇقىرى، خەنزۇ تىلىدىمۇ خېلى ياخشى ئىدى. مەن قاتارلىق بىر نەچچەيلەن خەنزۇ تىلى سەۋىيەسى ياخشى بولمىغان، تولۇق ئوتتۇرىنى ئەمدىلا پۈتتۈرۈپ كەلگەن بالىلار ئىدۇق. شۇڭا ئۇ چاغدا ئۈستىمىزدىكى بېسىم ناھايىتى ئېغىر ئىدى. باشقىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى يۇقىرى، خەنزۇ تىلىدىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغاچقا، ئوقۇشتىن ئانچە بەك غېمى يوق ئىدى، بىكار بولسىلا بازار ئايلىناتتى. بىز نەچچىمىز بولساق توختىماي ئۆگىنەتتۇق. كاللىمىزدا تىرىشمىساق ئۇلارنىڭ كەينىدە قالىمىز، ئۇلارغا يېتىشىۋالمىساق بىزنى ئوقۇشتىن ھەيدىۋېتىدۇ، دېگەندەك ئەندىشىلەر بار ئىدى. شۇ چاغدا خەنزۇ تىلى سەۋىيەمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن لۇغەتتىكى سۆزلۈكلەرنى بىر بىرىمىزگە يادلاپ بېرەتتۇق. كەسپىي ماتېرىياللارنى كۆرەتتۇق. شۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىپ 2 ـ يىللىققا چىققاندا ئۇلارغا يېتىشىۋالدۇق. 3 ـ يىللىققا چىققاندا بولسا ئۇلاردىن بىراقلا ئېشىپ كەتتۇق. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا فاكۇلتېت رەھبەرلىرى مېنى فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ قېلىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىشنىلا ئويلايتتۇق. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار مېنىڭ ئىككىلىنىۋاتقىنىمنى بىلىپ، ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى ئويلاشنى، كېيىنكى تەرەققىيات پۇرسىتىنى ۋە قەيەردە ئۆزۈمنى بەكرەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزەلەيدىغان ياراملىق ئىختىساس ئىگىسى بولالايدىغانلىقىمنى بەكرەك تەھلىل قىلىپ بېقىشنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن كەسكىن قارار چىقىرىپ، ئائىلەمدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلىپ، بۇ يەردە قېلىپ قالدىم.

بىز مۇئەللىمدىن قانداق بولۇپ ئەدەبىياتقا قىزىقىپ قالغانلىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قاچاندىن باشلاپ كىرىشكەنلىكى توغرىسىدا سورىغىنىمىزدا مۇئەللىم ھاياجان بىلەن بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئاكام ۋە ئاچاملار تۇم ـ تۇم رومان، پوۋېستلارنى ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ تۇم ـ تۇم كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرگەنلىرىنى كۆرگىنىمدە مېنىڭمۇ شۇنداق ئوقۇغۇم كېلەتتى. لېكىن ئوقۇيالمايتتىم، چۈنكى ئاكا ـ ئاچىلىرىم ئوقۇيدىغان كىتابلار كونا يېزىقتا نەشر قىلىنغان كىتابلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى دېگۈدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى تاشكەنت نەشرىياتى، ئالمائاتا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىدى، ئەمما بىز شۇ دەۋردە يېڭى يېزىقتا ئوقۇغانلاردىن ئىدۇق. ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇش ئىستىكىدە ئاكام، ئاچاملارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ كونا يېزىقنى ئۆگىنىۋالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ھەر خىل يېزىقچىلىق، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتىم. ساۋاقداشلىرىممۇ ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى ۋاقىتلىرىمىزدىن باشلاپ كېچىلىرى

ئوغرىلىقچە سىنىپنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ كىرىپ، شام ـ چىراغلارنى ياندۇرۇپ قويۇپ كېچىچە سىنىپتا رومان ئوقۇپ چىقاتتۇق. ساۋاقداشلىرىم كونا يېزىق بىلمىگەچكە مەن ئۇلارغا ئوقۇپ بېرەتتىم، ئۇلار ئاڭلايتتى. كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشىم ھازىرمۇ سۇسلاپ قالمىدى، بىكار بولسىلا كىتاب ئوقۇيمەن.

مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا كىتاب ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن غوجايىنىدىن تاياق يەپ بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغان، شۇنداق بولسىمۇ كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن شام ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئەكېلىپ ياندۇرۇپ، ئاشۇ غۇۋا شام يورۇقىدا، ئايدىڭ كېچىلەردە ئاي نۇرى ئاستىدا بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان گوركىي كەلدى. رۇسىيەنىڭ چىركىلەشكەن سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولغان گوركىينىڭ غوجايىنىنىڭ گوركىينى كىتاب ئوقۇشتىن توسۇپ قالالمىغىنىدەك، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدىكى دەھشەتلىك يىللارمۇ مۇئەللىمنىڭ كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ چاغلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسى « سېرىق كىتاب » دەپ قارىلىپ، ئۇنداق كىتابلارنى ئوقۇش قاتتىق چەكلىنەتتى، شۇڭا ئوغرىلىقچە ئوقۇماي ئامال يوقتى. لېكىن مۇئەللىمنىڭ كىتابخۇمار قەلبى بۇ توسقۇنلۇقلارغا پەرۋامۇ قىلماي كىتابلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئوقۇغانىدى.

شۇنداق، ئىز ماڭغۇچىلارغا، يول ئاچقۇچىلارغا مەنسۇپ. ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي تىرىشقانلارلا ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسىدۇر. غەلىبە تىرىشچانلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا. « تىرىشقان تاغ ئاشار » دېگەندەك ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىق ئۇنى ئەينى چاغدىكى بالا ھەۋەسكاردىن ھازىرقى پىشقان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلاندۇردى.

بىر ئادەم ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتچىسى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇرۇن ئىمام مۇئەللىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىجادىي ھاياتىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەقتە تىنىم تاپماي ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بىز مۇئەللىمدىن نېمە ئۈچۈن نەزەرىيە تەتقىقاتىغا كۆپرەك زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سورىغىنىمىزدا ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ھەم يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقىتلىرىمدا ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغان ئىدىم، كېيىن مەكتەپتە كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتكەندىن باشقا 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن فاكۇلتېتىمىزدا مەمۇرىي خىزمەت ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالدىم، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىرىم تېخىمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېزىقچىلىققا ئاجرىتىلغان ۋاقتىم تەبىئىيلا ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا كۆپىنچە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمدا ئىشخاندا تىنچ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىمەن.

نەزەرىيە تەتقىقاتىغا كۆچىشىمدىكى سەۋەب، ئوقۇتۇش جەريانىدا سىستېمىلىق نەزەرىيە بىلىملىرىگە ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا مۇھتاج بولدۇم ھەم بۇ جەھەتتىكى بىلىمىم چوڭقۇرلاشقانسېرى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەلگە سۇنۇشۇم، ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈشۈم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا ھازىر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى يولىدا ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىمام مۇئەللىم ھەم ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەم فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. تولۇق كۇرۇس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئوقۇش قەرز پۇلى بېرىش قاتارلىق ئىشلار ھەم فاكۇلتېتىمىزدىكى دوكتور، ئاسپىرانتلارنىڭ بىر قىسىم خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتەك خىزمەتلەرگە ئىمام مۇئەللىم مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

مەكتىپىمىز « 211 قۇرۇلۇشى » ۋە « 985 قۇرۇلۇشى » غا كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى مۇستەقىل فاكۇلتېت بولۇپ ئايرىلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن مەمۇرىي خىزمەتنى تەڭ ئېلىپ بېرىشىغا ئېھتىياجلىق بولدى. ئىمام مۇئەللىم 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە بىرىنچى سەپتە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش بىلەن بىرگە 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ فاكۇلتېتتا ئىشخانا مۇدىرى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى مەسئۇلى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىمام مۇئەللىمنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىپ ھەم مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەپ جاپا تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇئەللىمنى دەرس ئۆتۈشنى توختىتىپ، مەمۇرىي خىزمەتنىلا ئىشلەشكە تەكلىپ بەرگەندە مۇئەللىم 30 يىلدىن بۇيان ئۆتۈپ كېلىۋاتقان دەرسىدىن، مۇنبەردىن ئايرىلىشنى خالىمىدى ھەم كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىمام مۇئەللىم ئوقۇتۇش، تەتقىقات، مەمۇرىي خىزمەتتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي جاپالىق ئىشلەپ كەلمەكتە.

ھەر يىللىق نەۋروز بايرىمىدا مول مەزمۇنلۇق « بېيجىڭدا نەۋروز » پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ئۆزىمىزنى خۇددى ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلغىنىمىزدا، ئۇزۇندىن بۇيان يۈز كۆرۈشەلمىگەن بېيجىڭدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن جەم بولۇپ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمىز ئەۋجىگە چىققاندا، سىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ يۈرىكىمىز ئالەمچە ھاياجانغا تولغاندا ئىمام مۇئەللىمنىڭ مۇشۇنداق بىر مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا

كۆپچىلىككە سۇنۇش ئۈچۈن چىقارغان ئەجرىگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئىمام مۇئەللىم 26 يىلدىن بۇيان بېيجىڭدىكى نورۇز پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بېيجىڭدىكى ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى قېرىنداشلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىش، نومۇرلارنى تاللاش، رىياسەتچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى.

مۇئەللىم يەنە 22 يىلدىن بۇيان « تەڭرىتاغ پۇتبول مۇسابىقىسى »، « ئېكساق پۇتبول مۇسابىقىسى » قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتنىشىپ، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، دوستانە مۇسابىقىلىشىش، ئۇيۇشۇش روھىنى ئاشۇرۇشقىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ كەلدى. ھەر قېتىم « سادا » ژۇرنىلى ۋە فاكۇلتېت گېزىتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئالدى بىلەن كۆزىمىزگە « مەسئۇل مۇھەررىر: ئىمام موللاخۇن » دېگەن سۆزلەر چېلىقىدۇ. شۇنداق ئىمام مۇئەللىم ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدىغان سورۇن ھازىرلاش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن « سادا » ژۇرنىلى ۋە فاكۇلتېت گېزىتىنى باش بولۇپ تەسىس قىلدى ۋە بەش يىلدىن بۇيان ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىغا زور كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئادەم ھاياتىدا قانچىلىك نەرسىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا قانچىلىك نەرسە بېرەلىگەنلىكى بىلەن قەدىرلىكتۇر. يارىتىش تەڭرىدىن يارىلىش ئۆزۈڭدىن.

ئۇستازىمىز ئىمام مۇئەللىمنىڭ ھايات مۇساپىسىگە كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كەينىگە ھېسابسىز قان ـ تەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىز بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن ئىمام مۇئەللىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

**مۇھەررىر ۋە كوررېكتورى : ماھىرەم تۇرسۇنتوختى (2007)**

# بىزلەر شۇنداق كېتەرمىز

**ئالىمجان توختى(2009)**



بىزلەر بىرگە يۈرمىگەن،
چىمەنزارلىق باغلاردا.
ۋىسال پەيزى سۈرمىگەن،
ئىنتىزارلىق چاغلاردا.

سېنى سۆيدۈم دېمىگەن،
دەرتتىن ئۆلدۈم دېمىگەن.
بىزلەر شۇنچە كۆيۈشۈپ،
كۆيدۈم ساڭا دېمىگەن.

بىزلەر شۇنداق ئۆتۈشكەن،
ئىنتىزار بوپ، زار بولۇپ.
تەقدىر سۇنغان سۆيگۈدىن،
يۈرەكلەرگە دەرت تولۇپ.

بىزلەر بىرگە يۈرمىگەن،
چىمەنزارلىق باغلاردا.
ۋىسال پەيزى سۈرمىگەن،
ئىنتىزارلىق چاغلاردا.

بىر چاغ سەنمۇ كېتىسەن،
مەھەللەڭگە يىراققا.
مەن قالىمەن يىگانە،
ئەسلەپ سېنى يىراقتا. . .

سەن مېنى دەپ، مەن سېنى،
بەلكىم شۇنداق ئۆتەرمىز.
دەستە تىزىپ سۆيگۈدىن،
گۆرگە ئېلىپ كېتەرمىز.

**مۇھەررىر: سەردار ئۆمەر(2011)  كوررېكتورى: ئايجامال ئېزىز(2011)**

# لوتۈن روھنى ئىزدەپ

(زىيارەت خاتىرىسى)

سەردار ئۆمەر (2011)

*لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغان ئەسەرلەر*

(ئوت يۈرەك، ئىنقىلابىي شائىر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدىكى ئىجادىيەت ئىزنالىرىنى ئىزدەش جەريانىدا ئويلىغانلىرىم )

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەندىن بېرى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇشبۇ دەملەردە مەرھەمەتلىك قۇياشمۇ ئۆز نۇرىنى يەنىمۇ سېخىيلىق بىلەن بۇ بىپايان زېمىنغا چېچىۋاتاتتى. بۇنداق غەنىيمەت كۈنلەرنى بولۇپمۇ سېخىي قۇياشنىڭ ھارارەتلىك تەپتىنى ئاندا ـ ساندا ھېس قىلىپ قالىدىغان، بولمىسا يىل بويى ئاتەش تەپتىگە زار بولۇپ ئۆتىدىغان پايىتەختىمىز بېيجىڭدەك (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەرشارى كېلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىشى بۇ يەرنىڭ كىلىماتىغىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى.)بۇ چوڭ شەھەردە بۇنداق ياخشى كۈنلەرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىش مېنىڭچە تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ھېساپلىناتتى. شۇڭا چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرسنى تۈگىتىپلا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ماكانىمدىكى مەن ئۇچۇن ئەڭ ئىللىق ئىلىمگە تەشنا بۇ سەۋدا جىسمىمنى خۇددى ماگىنىتتەك ئۆزىگە تارتىدىغان « خاسىيەتلىك جاي » كۇتۇپخانىغا قاراپ يول ئالدىم.

بىلىم خەزىنىسىگە تۇتاشقان ئەنە شۇ ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا كېتىۋاتىمەن، ئەتراپىمدا ھەرخىل كىيىنىشكەن ھەر مىللەت ياشلىرى ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشلارغا خاس جاسارەت بىلەن ماڭا ياندىشىپ ياكى ئىز بېسىپ كەلمەكتە. ئۇلار شۇنچىلىك جۇشقۇن شۇنچىلىك خۇشال، شۇ دەملەردە ئويلىدىمكى، بۇلار ۋە مەن مەركىزىي مىللەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت ھەر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان بۇ چوڭ ئائىلىدىكى جان ـ جىگەر قېرىنداشلاركەنمىز، ئەنە شۇ مەن مېڭىۋاتقان ئىلىم يولىدىكى ۋاپادار ئىلىم ئاشنالىرى ئىكەنمىز، مەكتىپىمىزنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كىشىنىڭ مەستىلىكىنى كەلتۈرىدىغان رەڭگارەڭ گۇللەر ئىكەنمىز . . . خىيالىم يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. مەن تۈگىمەي داۋاملىشىشنى ئارزۇ قىلغان بۇ يول يەنە تۈگەپ، مەنزىلىمگە يېتىپ كەلدىم. كۇتۇپخانىنىڭ 9 ـ قەۋىتى خىيالىمدىكى جەننەت. ھاياجان ئىلكىدە رەت ـ رەت كىتابلارغا يېقىنلاشقىنىمدا تونۇگۇن ئوقۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۆزۈمنىڭ كىتاب ساقلايدىغان مەخپىي جايىغا تىقىپ قويغان « بوز دالا » رومانىنى ئىزدىدىم . ئاپلا! كىتاب تونۇگۇنكى جايىدا يوق! دېمەك بۇ مەخپىي جايىممۇ يوق بوپتۇ. ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئىزدەشكە باشلىدىم. كۆزۈم كىتاب

*لوتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقنى خاتىرلەيمىز*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جازىسىدىكى قارا تاشلىق« لوتپۇللاھ مۇتەللىپ » دېگەن بۇ كىتابقا چۈشكىنىدە قەلبىم تىزگىنى ئىختىيارسىز خىيال چەۋەندازىغا تۇتۇلۇپ قالدى. « لوتۇن »، « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ » يەنە مەن قىشلىق تەتىلدە تولا ئاڭلاپ يادا بولۇپ كەتكەن « تەنلىرىم ياپراق » نىڭ لەرزان ملودىيەلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا ياڭراشقا باشلىدى. تەپەككۇر دۇلدۇلۇم قەلبىمنى ئېلىپ يىراقتا قالغان ئەزىز يۇرتۇم ئاقسۇغا كېتىپ قالدى.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتىم. تۈنۈگۈن كەچتىمۇ خېلى بىر چاغلارغىچە زادىلا ئۇيقۇم كەلمىگەن ئىدى. قەلبىم كۈچلۈك ئىنتىلىش، چەكسىز ھاياجان، تۈگىمەس خۇشاللىق ئىلكىدە لەرزان ئەللەيلىنىۋاتاتتى. بۈگۈنكى ھاۋا ئازراق تۇمانلىق، سوغۇقمۇ ئۆزكۈچىدىن تېخى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا 19يىلدىن بېرى تونۇشلۇق بولغان يۇرتۇمنىڭ باغرى ئېرەمدەك خۇش ھاۋاسى تېنىمگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلاپ، مېنى تېخىمۇ جۇشقۇن قىلىۋەتتى. بۈگۈن مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولماقچى، ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان پەخىرلىك ئۇيغۇر ئوغلانى، ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىرىمىز لوتپۇللاھ مۇتەللىپ مەقبەرىسىنى ۋە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلىگەن « ئاقسۇ گېزىتخانىسى » نىڭ ئىلگىرىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بۈگۈن ئاخىرى ئەمەلگە ئاشماقچى، قەلبىم تۆرىدىكى ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان ھۆرمەتلىك مۆھتەرەم دادام، ئومىاق ئىنىم ئىككىمىزنى شۇ يەرگە ئاپارماقچى، پەرىشتىلەردەك مېھرىبان جاپاكەش ئانام بولسا بىز كەلگۈچە بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ كوزىر تامىقى، ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ شاھىنشاھى بولغان پولو بىلەن بىزنى كۈتۈپ تۇرماقچى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھاياتىمدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىم باشلاندى . دادام، ئىنىم ئۈچىمىز ئائىلىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ مەنزىلگە قاراپ يول ئالدۇق.

بىزنىڭ بىرىنچى مەنزىلىمىز مەرھۇم شائىرنىڭ ئەينى يىللاردىكى خىزمەت ئورنى ئىدى. بۇ جاي ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەنگەر يولىدىكى ھازىرقى « ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپ » نىڭ قوروسىغا جايلاشقان بولۇپ، يېشىل سىرلانغان كونا پاسوندىكى دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپتە مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇردىغان خېلى ئېگىز، ئىشىكى ۋە لەمپىسى تىپىك ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، پەشتاقلىق بىر ئىمارەت كۆزۈمگە چېلىقتى. گەرچە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ ئۆز پېتىدىن چۈشمەي خۇددى قەدىناسى بولغان مەرھۇم شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ كۈرەشچان يىللاردىكى جەڭگىۋار روھىغا ۋارىسلىق قىلغاندەك، تۆمۈر چوققا كەبى ھەيۋەتتى بىلەن مەزمۇت قەت كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇزاقتىن بېرى زارىققان كۆزلىرىم ھۆرمەت بىلەن بۇ سىرلىق ئىمارەتكە تىكىلدى . تولىمۇ ئەپسۇس، يەكشەنبە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى. بۇ يەردە ئوقۇۋەتقۇرمەنلەرگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم، مەزكۇر ئىمارەت ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ ئارخىپخانىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىلىپتۇ. بىراق كۆڭلۈم سۆيۈنگەن يېرى شۇ بولدىكى، بۇ ئىمارەت تاكى ھازىرغىچە ھېچبىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ئۆز پېتى بويىچە ساقلاپ قېلىنىپتۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى بىز ياش غۇنچىلارمۇ ھەم ئەجداد ئىزىنى بېسىپ، بۇ يەرنى قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز ـ ئەلۋەتتە!

بىز بۇ يەردە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق. شۇمىنۇتلاردا ھەممىمىزنىڭ چېھرىدە چەكسىز بەخت ۋە شادلىق نامايەن بولۇپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قورۇدىن قىيالمىغان ھالدا ئايرىلدۇق .ئەمدىكى مەنزىلىمىز مەرھۇم شائىرنىڭ پانىي دۇنيادىكى قارارگاھى بولغان ئاقسۇ شەھرى شىياڭگاڭ بازىرى يېنىغا جايلاشقان ئاق مەسچىتنىڭ كەينىدىكى « قارا ساقال ئاتام» نامى بىلەن ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولغان قەدىمىي مازارگاھ بولدى. ماشىنا تۈنۈگۈن ياغقان قارنىڭ سەۋەبىدىن لۆمشۈپ كەتكەن

لاي ـ پاتقاقلىق يولدا تەستە ئىلگىرىلەيتتى. يىراقتىنلا بىر جۈپ سىېدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەر بەئەينى قايناق شەھەردىكى يېگانە ئارالنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان، بۇ قوڭغۇر تۇپراقنىڭ بەئەينى ئاشۇ قاردەك پاكلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى. دادام ئىلگىرى بۇ قەبرىستانلىقتا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ باققاچقا، شائىر قەبرىسىنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئىنىم ئىككىمىز دادامنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ماڭدۇق، خىيالىمدا شائىرنىڭ قەبرىسىنى قىياس قىلىپ باقاتتىم . تېخى ئۇزاق ماڭمايلا كۆز ئالدىمدا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ناھايىتى نەپىس لاھىيەلەنگەن بىر قەبرە نامايەن بولدى. ئاھ خۇدا! مەن زادى نەدە تۇرىۋاتىمەن ؟! كۆز ئالدىمدا پۇتكۈل شىنجاڭ خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان، ئەلنىڭ بەختى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلغان، ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىرىمىز، قەلبىمىدىكى چەكسىز ھۆرمەتنىڭ ساھىبى بولغان مەرھۇم لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ قەبرىسى تۇراتتى. بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ ؟! ئۇزاق يىللاردىن بېرى بۇ مەقبەرىگە كېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ بىراق تۇرلۇك سەۋەپلەر تۈپەيلى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشماي كېلىۋاتاتتى. شۇ سەۋەپتىن كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقتا دەماللىققا تازا ئىشىنەلمەي قېلىۋاتاتتىم. تەنلىرىم تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ھاياجان بىلەن خۇددى شائىر قەلىمىدىكى ياپراقتەك تىترەيتتى.

كۆزلىرىم قەبرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرىپىگە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان شېئىرىي مىسرالارغا چۈشتى. (مەزكۇر قەبرىنى غازى ئەھمەت لاھىيەلىگەن) قەبرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە شائىرنىڭ ئەڭ نادىر ئەجادىيەتلىرىدىن « يىللارغا جاۋاپ » تىن ئارىيە، جەنۇپ تەرىپىگە بولسا « خىيالچان تىلەك » تىن ئارىيە ئويۇلغانىدى.

ئەزەلدىنلا خىيالچان مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،

تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى،

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلىقىدا مەن قاينام تۇرسام،

ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

خىياللىرىم يەنە قاناتلاندى. توغرا دەيسەن ئۇلۇغ شائىر، سەن ئاشۇ قىسقا ئەمما تولىمۇ قەدىرلىك ھاياتىڭدا، ئۆمۈر بۇيى خەلقىنىڭ زۇلمەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك شارابىنى ئىچىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلدىڭ ـ ھە ! ئۆزۈڭمۇ ھەم ئەنە شۇ شادلىق دەملىرىدىن ئەل يۇرتۇڭ بىلەن بەھرىلىنىشنى كۈنۈتۈن ئويلىمىغانمىدىڭ ـ ھە !!! ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس! كاج پەلەك تەتۈر قىسمەتلىرى بىلەن جانجىگەر دوستلىرىڭ ئارىسىغا ھېكىم نۇرغا ئوخشاش پاسىق ئاسىيلارنى قىستۇردى. ئەمما تارىخ تولىمۇ ئادىل ئىكەن، ئاخىرىدا ئۇ مەلئۇنلار يەنىلا سەن سۆيگەن خەلقىڭ تەرىپىدىن قان قىساسىڭنىڭ قۇربانى بولدى. گۇناھقا پاتقان تەنلىرى خار ـ زەبۇن بولدى، نامى ۋەتەن، مىللەت، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەبەدىل ـ ئەبەت لەنەتكە مەھكۇم بولدى. بىراق سەن يەنىلا بەختىيار دەۋرنى كۆرەلمىدىڭ. ئەركىنلىك شارابىنى دەس كۆتۈرەلمىدىڭ ؟! شۇڭا سەن ئۇسسۇزلىقىڭغا قانمىدىڭ !!! ھەم سېنىڭ پارتلاش ئالدىدىكى يانار تاغدەك ئوتلۇق يۈرىكىڭ ئۇنداق ئاسان قانمايدۇ ـ ئەلۋەتتە! ...

يەنە قانچىلىك خىياللار قىلار بولغۇيتتىم ـ تاڭ ! يېنىمدا تۇيۇقسىز ئاڭلانغان مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى خىياللىرىمنى ئاللىقاياقلارغا ئەپقاچتى. يېنىمغا قاچان كەلدىكىن بىر مويسىپىت دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋاتاتتى. قارىسام دادام بىلەن ئىنىممۇ مويسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرىۋېتىپتۇ. ئىختىيارسىز ئۆزۈمنىڭ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكىنىمدىن تولىمۇ خىجىل بولدۇم ـ دە، دەرھال دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردۈم. ئارىدا قىسقىغىنا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ناتونۇش مويسىپىتنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر خۇرسىنىشلىرى، دادامنىڭ پات ـ پات مويسىپىتقا قاراپ ئۇھسىنىشلىرى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. دۇئادىن كېيىن مەلۇم بولدىكى بۇ كىشى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاقسۇدىن چىقىپ، لوتۇن روھىنى ئىزدەپ،

www.uyghurkitap.com

تالاي تاغۇ ـ تاشلارنى، دەشت ـ باياۋانلارنى كەزگەن، ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىنى بۈيۈك شائىرىمىز لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان ھۆرمەت ساھىبى « ئاقسۇ ئەدەبىياتى » نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى تۇنىياز مەتنىياز ئەپەندى ئىكەن. كونىلارنىڭ « ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ » دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مەن ئۈچۈن بۈگۈنكى سەپەر ھەقىقەتەن تولىمۇ خەيرلىك بولدى. تۇنىياز تاغىمىز خۇشچاقچاق، قىزغىن، مېھماندوست ئادەم ئىكەن. ئۇ مېنىڭ شائىر لوتپۇللاھقا بولغان ئوتتەك قىزىقىشىمنى دادامنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى ۋە مەندىن شائىر توغرىلىق يەنە باشقا تەپسىلاتلارنى بىلگۈسى بار ـ يوقلىغىمنى، ئەگەر بىلىشنى خالىسام ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇ زادى ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ ؟! بۇرنۇمنى چىمداپ باقتىم، ئاغرىۋاتىدۇ ـ ھە، بۇ ئوڭۇمكەن ئەمەسمۇ ؟! شۇنداق قىلىپ بىز بىرلىكتە تۇنىياز ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدۇق.

ئايرىلىش نېمە دېگەن ئازاپلىق ـ ھە ! شۇ دەمدە ھۆرمەتلىك شائىرىمىزدىن يەنە ئايرىلىدىغان، ئۇنى يەنە يالغۇز تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇق! خىياللىرىم داۋاملاشماقتا! پەلەكنىڭ چاقى ئۆز ئوقىدا ئايلانماقتا . ئارىدىن توقسان يىل ئۆتتى. بۇ توقسان يىلدا يەنە قانچىلىغان لوتۇنلار تۇغۇلدىكىن ؟! بۇنىسى نامەلۇم. بىراق لوتپۇللاھ ئاكا شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، سەن ياندۇرغان مەشئەل مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ . سەن ماڭغان شۇ يولدىن يەنە تۇمەن لوتۇنلار ئىز بېسىپ كېلىدۇ. سەن ھەرگىز يالغۇز قالمايسەن ! لوتپۇللاھ ئاكا يېنىڭغا يەنە سانسىز قەبرە قوشۇلسا قوشۇلىدۇكى بىراق سەن ماڭغان شۇ يول ئەسلا چۆلدەرەپ قالمايدۇ! خاتىرجەم ياتقىن! ئەزىز قېرىندىشىم ! سەن ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ! سېنىڭ مۇبارەك نامىڭ دىلىمىزدا ساقلىنىپ، تىلىمىزدا زىكرى قىلىنىپ، ئۇلۇغۋار روھىڭ ئارىمىزدا بىز بىلەن مەڭگۈ ياشىغۇسى!

كۈرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۈرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىگە، يوقلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مۇھەررىر ۋە كوررېكورى : ئايگۈزەل شاھئۆمەر(2008)

# شائىر بولۇپ تۇغۇلغان يۈرەك

توختىقارى نۇر (2008)

شائىر بولۇپ تۇغۇلغان يۈرەك،
مىسرالاردا تىپىرلايدۇ .
تۇغۇلغاندەك ئۇچقۇن ئىچىدە،
گاھى كۈلگە چىلىشىپ ياتىدۇ.
ئىس ئۆرلىسە كۆزلىرىدىن،
تومۇرلاردا ۋولقان ئاقىدۇ.
تۈگىمەيدۇ مۇساپىسى،
قۇرلار ئاي ۋە يىلغا ئۇلاشقان.
توختاپ قالسا سوقۇشتىن،
مىسرالار ئۈچۈن ياشلار تۆكۈلەر .

كېزىپ يۈرەر جاھاننى،
يۈرەكتىكى نازۇك تۇيغۇلار.
ئېلىۋالسام ئالقانغا
ئۈچۈپ كېتەر سەپەرگە،
يول ئالىدۇ زەپەرگە.
مەن ھەرگىز ئۆلدۇم دېمەيمەن،
تەۋە بولسا كائىناتقا.
ئېتىلىپ چىقىپ كۆكسۈمدىن،
سىڭىپ كەتسە توپا يوللارغا.

مۇھەررىر: رۇقىيەگۈل تۇرسۇن (2010) كوررېكتورى: ئايجامال ئېزىز (2011)

# لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ بىبلىوگرافىيەسى

**تۈزگۈچى: ئەكبەر قادىر**

**ل . مۇتەللىپ ۋە ئۇ ھەققىدە مەملىكەت ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر**

1. لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ يازغان « تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى » ناملىق ماقالە « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 1942 ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ11 ـ كۈندىكى ساندىن باشلاپ بىر نەچچە سانغا بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان.

2. نىمشېھىت 1946 ـ يىلى ئايدا « ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل . مۇتەللىپكە» ناملىق مەرسىيەسىنى يازغان. ( « يۈرەك سۆزى » شېئىرلار توپلىمى 1980 ـ يىلى 1ـ ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى. )

3. زەينىدىن سالىيوپ 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىخۇدا « مۇسىبەت » ناملىق مەرسىيەسىسىنى يازغان. (« بىزنىڭ تىلەك »، كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمى، 1981 ـ يىلى 3 ـ ئاي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.)

4. شائىر ئەلقەم ئەختەم 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان 54 مىسرالىق مەرسىيەسى « ئېچىنىش » نى يازغان. بۇ مەرسىيە 1954 ـ يىلى قازاقىستاندىكى « قازاق ئېلى » ژۇرنىلى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شائىرنىڭ « ئۆمۈد دولقۇنلىرى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

5. تېيىپجان ئېلىيوف 1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قورغاستا « لۇتپۇللاغا » ناملىق شېئىرنى يازغان. (« ت.ئېلىيوف شئېىرلىرى » 1 ـ تومغا كىرگۈزۈلگەن.)

6. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1952 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا ل.مۇتەللىپنىڭ « لىىنىن شۇنداق ئۆگەتكەن» ناملىق ئەسىرى بېسىلغان.

7. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1952 ـ يىللىق 8 ـ سانىغا « ل . مۇتەللىپ خاتىرىسى » دېگەن ماۋزۇدا تەھرىر بۆلۈم نامىدىن ل . مۇتەللىپنىڭ ھاياتى رەسمىي بىلەن تونۇشتۇرۇلغان ۋە ل . مۇتەللىپنىڭ « ئەجەل ھودۇقىشىدا »، « كۈرەش ئىلھامى »، « يىللارغا جاۋاب »، « خىيالچان تىلەك » قاتارلىق ئەسەرلىرى بېسىلغان.

8. ئەلقەم ئەختەم 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا« دوستۇم مۇتەللىپ » ناملىق شېئىرنى يازغان (1957 ـ يىل 9 ـ ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان« كۈرەش دولقۇنلىرى » غا كىرگۈزۈلگەن.)

9. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1955 ـ يىللىق 6 ـ ساندا ل . مۇتەللىپنىڭ « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى » ناملىق شېئىرى بېسىلغان.

10. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ1955 ـ يىللىق 8 ـ ساندا « ل.مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 10يىللىقى ئالدىدىن» دېگەن سەھىپە ئېچىلىپ، ت.ئېلىيوفنىڭ « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى » دېگەن ماقالىسى بېسىلغان، بۇ ماقالە جەمئىي 23 بەتلىك. بۇ ماقالە ل.مۇتەللىپنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدىكى ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىشقا بېغىشلاپ ئىككى بۆلەك بويىچە يېزىلغان. مىنىڭچە ل.مۇتەللىپ ھەققىدە بۇ ئەڭ دەسلەپتە يېزىلىپلا قالماي، يەنە مۇكەممەل يېزىلغان ماقالىدۇر.

11. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1955 ـ يىللىق 9 ـ ساندا « ل.مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن » دېگەن مەخسۇس

سەھىپە ئېچىلىپ « چىلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى » ناملىق مەخسۇس ماقالە بېسىلغان. ئاندىن « ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىن » دېگەن سەھىپىدە « يىللارغا جاۋاب »، « يانار تاغلار »، « ماي كۈرەشچان ئاي »، « ھورۇن دېھقانغا »، « بىزنىڭ مەمەت »، « پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىبغىر ھالسىرايدۇ » قاتارلىق ئەسەرلىرى بىسىلغان. ل.مۇتەللىپكە ئاتالغان ئەسەرلەردىن تۆردى سامساقنىڭ « شائىر » ناملىق شېئىرى، يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ « مەڭگۈ بىز بىلەن » شېئىرى، مەمەت يۈسۈپنىڭ « پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىمىز » ناملىق شېئىرى، ئابدۇكېرىم خوجايوفنىڭ « بىرىنچى جەڭدە » ناملىق ھېكايىسى بىسىلدى. بۇ ھېكايىدە ل.مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنىش جەريانى ۋە ئاقسۇدا « ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ناخشىلارنى ئېيتتى » دېگەن نام بىلەن بىرىنچى قېتىم تۈرمىگە سولىنىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن.

12. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان « كۈرەش ناخشىلىرى » ناملىق توپلامدا ل.مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاب »، « باھار ھەققىدە مۇۋاشىشەھ » ،« پارچە »، « شائىر توغرىسىدا مۇۋاشىشەھ »، « تەسىراتىم »، « خىيالچان تىلەك » قاتارلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

13. مەمەت سىدىق نۇرۇزۇۋنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن1955 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ل.مۇتەللىپنىڭ « مۇھەببەت ھەم نەپرەت » ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. توپلامنىڭ بېشىغا ت.ئېلىيوفنىڭ « چىلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى » ناملىق ماقالىسى بېرىلگەن، توپلامغان ل.مۇتەللىپنىڭ 37 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

14. 1956 ـ يىلى بېيجىڭدا « يازغۇچىلار » نەشرىياتى تەرىپىدىن ل.مۇتەللىپنىڭ « ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرى » ناملىق خەنزۇچە توپلام نەشىر قىلىنغان.

15. 1957 ـ يىل، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان « ياشلىق ئۆگەن » نامىدىكى 18 شائىرنىڭ كوللىكتىپ توپلىمىغا ل.مۇتەللىپنىڭ « ياشلىق ئۆگەن »، « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى »، « چىمەن »، « لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن »، « تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا »، « پارچە » قاتارلىق ئالتە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

16. زەينىدىن ساليوف « ياشلار ئۆگىنىشى » ژۇرنىلى 1957 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ل . مۇتەللىپكە تەقلىد قىلىپ « غۇلاچ تاشلا » ناملىق شېئىرنى يازغان ھەم شېئىرنىڭ بېشىغا ل . مۇتەللىپنىڭ « ياشلىق ئۆگەن » ناملىق شېئىرىدىن بىر كۇپلىت مىسال ئالغان.

17. شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلىدىغان خەنزۇچە « تىيانشان » ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا ئابدۇكېرىم خوجايوف تەرجىمە قىلغان ل . مۇتەللىپنىڭ « كۈرەشچان جۇڭگو خوتۇن قىزلىرى » ناملىق شېئىرى بېسىلغان.

18. شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلىدىغان خەنزۇچە « تىيانشان » ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا ئابدۇكېرىم خوجايوف بىلەن يۈسۈپ خوجايوف بىللە تەرجىمە قىلغان ل . مۇتەللىپنىڭ « كۆرشىۋاتىمىز »، « چىمەن»، « ئىشلە دېھقان ئاكا »، « دوستۇمغا »، « خوش » قاتارلىق شېئىرلىرى بېسلغان.

19. شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلىدىغان خەنزۇچە « تىيانشان » ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا ئابدۇكېرىم خوجايوف تەرجىمە قىلغان ل . مۇتەللىپنىڭ « مۇھەببەت ھەم نەپرەت » داستانى بېسىلغان.

20. « تارىم » ژورنىلى1957 ـ يىللىق 9 ـ ساندا شائىر ۋاپاتىنىڭ 12 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن « ل.مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى » دېگەن سەھىپىدە ل.مۇتەللىپنىڭ « مۇختىملات »، « مىشچان قىز »، « تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا »، « پارچە » قاتارلىق ئەسەرلىرى بېسىلغان.

21. « تارىم » 1958 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا



www.uyghurkitap.com

ت.ئېلىيوفنىڭ « ل.مۇتەللىپ يەنە بىز بىلەن » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

22. « تارىم » 1958 ـ يىللىق 9 ـ سانغا ۋاڭ يۈخۈينىڭ « ل.مۇتەللىپنىڭ <جۇڭگو> دېگەن ئۆلمەس شېئىرىنى ئوقۇغاندا » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان، يەنە ل.مۇتەللىپنىڭ « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق »، « خەلقىمگە »، « خوش »، « كەل يېڭى يىل »، « ئازاد گۈلىستانى ياسار »، « دوستۇم » قاتارلىق يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىمۇ بىسىلغان.

23. شنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلىدىغان خەنزۇچە « تىيانشان » ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق9 ـ سانىغا يۈسۈپ خوجايوف تەرجىمە قىلغان ل . مۇتەللىپنىڭ« ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق »، « بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ »، « جۇڭگو پارتىزانلىرى »، « كۆرەش »، « باتۇر يىللار »، « يانار تاغلار » قاتارلىق شېئىر ۋە دراممىسى بىلەن ئابدۇكېرىم خوجايوفنىڭ ل . مۇتەللىپنى خاتىرلەپ يازغان « سېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈڭ ئېچىلدى » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

24. « ياش كوممۇنىست » ژۇرنىلى (يېرىم ئايلىق ژۇرنال)نىڭ 1959 ـ يىللىق 15 ـ سانىدا ھېزىم قاسىمنىڭ « مۇتەللىپ خاتىرىسى » ناملىق شېئىرى بېسىلغان.

25. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1959 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ل.مۇتەللىپنىڭ « مىللەتچىـ لەرگە زەربە »، « ھەسەن ـ ھۆسەن »، « مۇخەممەس » قاتارلىق شېئىرلىرى بېسىلغان.

26. شنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن چىقىرىلىدىغان خەنزۇچە « تىيانشان » ژۇرنىلىنىڭ 1959 ـ يىللىق10 ـ سانىغا يۈسۈپ خوجايوف تەرجىمە قىلغان « ل . مۇتەللىپنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى » دېگەن ماۋزۇدا « ھەسەن ـھۆسەن » شېئىرى بىلەن « مۇخەممەس » شېئىرى بېسىلغان.

27. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1959 ـ يىللىق 10 ـ 11 ـ سانلىرىدا لىيۇ شىياۋۋۇ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇكېرىم خوجايوف، زەي دىسىڭلار بىرلىكتە يازغان ل.مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىغا بېغىشلانغان « يېراقتىكى ئۇچقۇنلار » ناملىق سىنارىيە بېسىلغان. بۇ سىنارىيە 1958 ـ يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە يېزىلىپ، 1959 ـ يىلى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغان.

28. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 8 ـ 9 قوشما سانىدا ل . مۇتەللىپنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچە توپلىمى چىقىرىلىدۇ دەپ خەۋەر بېرىلگەن.

29. « شنجاڭ ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا مۆمىن مۇھەممەدى يازغان « قاينام ئۆركىشى » ناملىق ئوچېرىك ئېلان قىلىنغان.

30. جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى شىياۋ سەن باش مۇھەررىرلىكىدىكى 1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تولۇقلاپ نەشر قىلغان « ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرىدىن ناملىق كىتابقا ل . مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « خىيالچان تىلەك »، « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى »، « مۇخەممەس »، « كۆرەشچان جۇڭگو خوتۇن ـ قىزلىرى »، « تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا » قاتارلىق 6 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ شياۋ سەن يازغان كىرىش سۆزىدە ل . مۇتەللىپنىڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى تەھلىل قىلىنغان. بۇ كىتابقا يەنە تېيىپچان ئېلىيوف يازغان « چېلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى » ناملىق ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

31. « شنجاڭ ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 11 ـ 12 قوشما سانىدا « ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » دېگەن سەھىپە ئېچىلىپ، ژۇرنال نامىدىن « شائىر، جەڭچى، ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلى » دېگەن ماقالە بېسىلغان. تىيەن جەننىڭ« ل.مۇتەللىپنى ئەسلەپ »، ئەلقەم ئەختەمنىڭ « ئەسلىدىم »، نىمشېھىتنىڭ« مېنىڭ سېغىنىشىم »، تېيىپچان ئېلىيوفنىڭ « ئەسلەش » قاتارلىق مەرسىيەلىرى ۋە شىبە يازغۇچىسى گوجىنەننىڭ « ۋەتەننىڭ ياخشى ئوغلى » دېگەن شېئىرى بېسىلغان. ئاندىن « ل .

مۇتەللىپ شېئىرلىرى » دېگەن ماۋزۇدا ل . مۇتەللىپنىڭ « جۇڭگو »، « ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا »، « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۇلۇم ئېچىلاتتى » ،« مىللەتچىلەرگە زەربە »، « يىللارغا جاۋاپ »، « ماي ناخشىسى »، « شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ »، « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق »، « كۆرەش قىزى »، « ئەدەبىياتتىكى تىپ توغرىسىدا » قاتارلىق ئەسەرلىرى بېسىلغان.

32. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1963 ـ يىللىق 7 ـ سانىغا شىياۋ سەننىڭ « ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى » دېگەن كىتابقا يازغان كىرىش ماقالىسى رەخىم قاسىموۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان. بۇ ماقالىدا ل.مۇتەللىپنىڭ ئۈچ پارچە شېئىرى تىلغا ئېلىنغان ھەم تەھلىل قىلىنغان.

33. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1965 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز » ئىستونىدا ل.مۇتەللىپنىڭ « جۇڭگو پارتىزانلىرى » دېگەن شېئىرى بېسىلغان.

34. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ« تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى » 4 ـ قىسىمغا ل . مۇتەللىپنىڭ « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى » ناملىق شېئىرىنى كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ « تىل ـ ئەدەبىيات » دەرسلىكلىرىگە ل . مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۇلۇم ئېچىلاتتى »، « خىيالچان تىلەك »، « پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىغىر ھالسىرايدۇ »، « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق »، « جۇڭگو » قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

35. شائىر ئەزىزوف قاسىم 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ل.مۇتەللىپكە بېغىشلاپ « يىللار كۈيچىسىگە » ناملىق شېئىرنى يازغان. بۇ شېئىر شائىرنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان « قىلىچ » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

36. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى ـ سەنئىتى » ژورنىلىنىڭ1979 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا « ئىنقىلابىي شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا شائىرنىڭ تەرجىمھالى، ئىجادىيەت ئەھۋالى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نامى قارىلانغانلىقى، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن نامىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىگە دائىر مەزمۇنلار بېسىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « جۇڭگو »، « خىيالچان تىلەك » قاتارلىق 3 پارچە شېئىرى باسقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەلقەم ئەختەمنىڭ ل . مۇتەللىپكە بېغىشلىغان « ئەسلىدىم »، ھەسەن تېلىۋالدىنىڭ « ل . مۇتەللىپكە »، تۇرسۇن قۇربانىنىڭ « قەۋرەڭنى ئىزلەپ » قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ بېسىلغان.

37. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » (خەنزۇچە) ژورنىلىنىڭ1979ـ يىللىق 4 ـ سانىغا « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن » دېگەن ماۋزۇدا لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى تونۇشتۇرغان ماقالە بېسىلغان. ئاندىن « جۇڭگو »، « يىللارغا جاۋاپ »، « شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ »، « تون يېرىپ ئىزلار باسقاندا » . « ماۋزۇسىز » قاتارلىق شېئىرلىرى بېسىلغان.

38. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژورنىلىنىڭ1979 ـ يىللىق 7 ـ سانىغا ئىبراھىم سەيدۇللانىڭ لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 35يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان « كۆرەشچان ھايات، شانلىق قۇربان » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

39. « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژورنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 9 ـ سانىدا ئىنقىلاۋى شائىر ل . مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 34 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس سەھىپە ئېچىلىپ « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن » دېگەن ماۋزۇدا شائىرنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ماۋزۇسىز شېئىرى پارچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان 6 پارچە شېئىرنى ۋە « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى »، « تون يېرىپ ئىزلار باسقاندا »، « ياشلىق ئۆگەن »، « ئىككى لىرىكا » قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى. يەنە ئەزىزوۋ قاسىمنىڭ « قايىنام ئۆركىشىنى ئەسلەيمەن »، ئىلھامجاننىڭ« شائىر لوتون »، ماھمۇت زەيدىنىڭ « قايىنام ئۆركىشىگە »

قاتارلىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ ساندا يەنە رەھىم قاسىمنىڭ « سۆيۈملۈك ئىنقىلاۋى شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ » ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. يەنە ئىبراھىم سەيدۇللانىڭ« كۈرەشچان ھايات، شانلىق قۇربان » تېمىلىق ماقالىسى بېسىلغان. ئۇنىدىن باشقا يەنە ل . مۇتەللىپنىڭ 1941 ـ يىلىدىكى « شىنجاڭ گېزىتى » دىكى خىزمەتدىشى ئابدۇرەھىم روزى جۇشقۇننىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ھەققىدە ئەسلىمە » ناملىق ئەسلىمىسىمۇ بېسلغان.

40. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1980 ـ يىل 1 ـ ساندا شائىر رەخىم قاسىمنىڭ ل . مۇتەللىپ بىلەن نىمشېھىت ئىككىسگە بېغىشلانغان « شائىر » ناملىق 121 كۇبلېتلىق چوڭ ھەجىملىك داستانى بېسىلغان.

41. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيتى نەشرگە تەييارلىغان، مىلەتلەر نەشرياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان كولېكتىپ توپلام « ھېكايىلەر » توپلىمىغا ل . مۇتەللىپنىڭ « ئەجەل ھودۇقىشىدا »، « پادىشاھ ساموراپلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ »، « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق » قاتارلىق ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

42. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ ساندا زەينۇرە ئەيسانىڭ « سەبدەگۈل » باللاداسى ئېلان قىلىنغان، باللادادا سەبدەگۈلنىڭ ل . مۇتەللىپكە بولغان مۇھاببىتى ۋە سېغىنىشنى ۋاستە قىلىپ، ل . مۇتەللىپنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىنقىلاۋى ھاياتى، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى نامىنىڭ قارلىنىشى، 3 ـ ئومۇمي يىغىندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كېلىش جەريانى لىرىك ئوبراز بايانى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

43. « شىنجاڭ ياشلىرى » ژورنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ 5 ـ 6 ـ 7 ـ سانلىرىغا ئابدۇللا تالىپ يازغان « ل . مۇتەللىپ ۋە ياش ئەۋلاتلار » ناملىق ماقالە بېسىلغان.

44. 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ توپلام « داستانلار » غا ل . مۇتەللىپنىڭ « مۇھەببەت ھەم نەپرەت » داستانى كىرگۈزۈلگەن.

45. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ1980 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا ئابلەت ئابدۇللانىڭ « لوتۇن خاتىرىسىگە » ناملىق كىچىك داستانى بېسىلغان.

46. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) ژورنىلىنىڭ1980 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا تېيپچان ئېلىيۇفنىڭ « ل . مۇتەللىپنى خاتىرلەيمەن » ناملىق شېئىرى بىلەن ئەلقەم ئەختەمنىڭ « ل . مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى »، ئىبراھىم سەيدۇللانىڭ« كۈرەشچان يىللار ،پارلاق شېئىرىيەت » ناملىق ماقالىلىرى بېسلغان.

47. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 12 ـ سانىغا نىياز مەخسۇتنىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمەن » ناملىق ئەسلىمىسى بېسىلغان. بۇ ئەسلىمە يەنە ئاقسۇدىكى « تارىم ئەدەبىياتى » نىڭ 1980يىللىق 3 ـ سانىغىمۇ بېسلغان.

48. 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرياتى نەشر قىلغان كوللېكتىپ توپلام « تارىم ئۆركەشلىرى » گە ل . مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « خىيالچان تىلەك »، « ياشلىق ئۆگەن » قاتارلىق 3 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

49. ئەلقەم ئەختەمنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1981 ـ يىل 2 ـ ئاي، مىللەتلەر نەشرياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ل . مۇتەللىپ ئەسەرلىرى » ناملىق بۇ توپلامغا ئەلقەم ئەختەمنىڭ « ل . مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيتى ۋە ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى » ناملىق ماقالىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن، يەنە ل . مۇتەللىپنىڭ 53 پارچە شېئىرى، ئىككى فېلىيەتونى كىرگۈزۈلگەن.

50. جاڭ شىرۇڭ، ياڭ جىنشياڭلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرى » ناملىق كىتاب 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

51. شائىر ئەلقەم ئەختەم يازغان «

www.uyghurkitap.com

ل.مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى » ناملىق ماقالىسى 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، كېيىن ۋاڭ يېجى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ « شىنجاڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە » دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

52. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان پەسىللىك خەنزۇچە ژۇرنال « تىيانشان » نىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ل. مۇتەللىپنى تونۇشتۇرغان ۋە ئابدۇكېرىم خوجايېۋ تەرجىمە قىلغان ل. مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى » قاتارلىق شېئىرلىرى بېسىلغان.

53. شىياۋسەن ئاپتورلىقىدا تۈزۈلۈپ جوڭگو ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان « ئىنقىلابى قۇربانلار شېئىرلىرىنىڭ داۋامى » ناملىق كىتابقا ل. مۇتەللىپنىڭ ئابدۇكېرىم خوجايېۋ تەرىپىدىن خەنزۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى »، « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلالتتى »، « يىللارغا جاۋاپ »، « خىيالچان تىلەك »، « مۇھاببەت ھەم نەپرەت »، « پارچىلار » قاتارلىق 6 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

54. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1982 ـ يىل 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان« شىنجاڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە » (خەنزۇچە) دېگەن كىتابقا خەنزۇ تەتقىقاتچىلاردىن شاۋسەننىڭ« ئۈزگىچە ئېچىلغان بىر تال گۈل »، شاڭ پېڭنىڭ « شائىر، جەڭچى، ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلى » قاتارلىق ماقالىللىرى كىرگۈزۈلگەن.

55. « شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ ل.مۇتەللىپكە بېغىشلانغان « ۋەتەن قۇربانلىرى » ناملىق دىراممىسى، بېسىلغان.

56. « ئىلى دەرياسى » 1982 ـ يىللىق 4 ـ ساندا « ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن، ئۇ ھەربىر مىسرا تۇۋۇگە كۆمۈلگەن » دېگەن سەھىپىنى ئېچىپ ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەپ ل.مۇتەللىپنىڭ « تىياترىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم ۋاراجلىنىش تارىخى » دېگەن ماقالىسىنى باسقان. يەنە ئىسلام سادىقنىڭ « ل.مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدىكى ھاياتىدىن ئىككى خاتىرە » ناملىق ئەسلىمىسى بىلەن يازغۇچى مۆمىن مۇھەممەدىنىڭ ل.مۇتەللىپكە بېغىشلانغان « تۇنجى قەدەم » ناملىق ئوچېركى ئېلان قىلىنغان.

57. « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) 1982 ـ يىللىق 4 ـ ساندا « ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » دېگەن ئىستون ئېچىلىپ، شائىرنىڭ ياڭ جىن شىياڭ، جاڭ شىرۇڭلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان « كۈرەش سېپىدىن شەپە »، « كۈرەش »، « كۆرىشۋاتىمىز »، « مۇخەممەس »، « كەل يېڭى يىل »، « چوڭ قەھرىمان ئويغاندى »، « دوستۇمغا »، « يەنە ئويغان »، « ماۋزۇسىز »، « يانار تاغلار »، « ھەسەن ـ ھۈسەن »، « ئىككى شېئىر » قاتارلىق 12 پارچە شېئىرنى، « ماركس، ئېنگېلسلار ئەدەبىيات توغرىسىدا »، « سەنئەتكە مۇھەببەت » ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسىنى، قۇربان باراتنىڭ « ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز » ناملىق سېلىكىنى ھەمدە مۇھەممەت ھەسەر ئىركەننىڭ « ل.مۇتەللىپكە » ناملىق شېئىرى بىلەن ئىسلام سادىقنىڭ « ل.مۇتەللىپنى ئەسلەيمەن » ناملىق ئەسلىمىسىنى باسقان. « ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن، ئۇ ھەربىر مىسرا تۇۋۇگە كۆمۈلگەن » دېگەن سەھىپىنى ئېچىپ ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەپ ل.مۇتەللىپنىڭ « تىياترىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم ۋاراجلىنىش تارىخى » دېگەن ماقالىسىنى باسقان. يەنە ئىسلام سادىقنىڭ « ل.مۇتەللىپ ئاقسۇدىكى ھاياتىدىن ئىككى خاتىرە » ناملىق ئەسلىمىسىنمۇ باسقان.

58. « شوغىلا » (قازاقچە) ژۇرنىلىنىڭ 1982

ـ يىللىق 11 ـ ساندا ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن دېگەن سەھىپە ئېچىلىپ، ل . مۇتەللىپنىڭ 60 يىللىقى خاتىرلەندى ۋە شائىرنىڭ « تاڭ يورۇپ ئىزلار باسقاندا »، « ھەسەن ـ ھۆسەن »، « ياشلىق ئۆگەن » قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرى بېسىلدى.

59. 1982 ـ يىل9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇرسۇن ئەرشىدىننىڭ « ل.مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايە » ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىنغان.

60. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 10 ـ ساندا « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز » دېگەن سەھىپە ئېچىلىپ قۇربان باراتنىڭ « ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز » ناملىق 7 پارچە شېئىردىن تەركىب تاپقان ئېپىك شېئىرىنى، ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ « گۈل باللاداسى » ناملىق باللاداسىنى باسقان.

61. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئابدۇللا تالىپ يازغان « قاينام ئۆركىشى » ناملىق بىئوگرافىك رومان 31 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغان.

62. « مىللەتلەر ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە)، 1982 ـ يىللىق 10 ـ ساندا « شېئرىيەتنىڭ سېغىنىشى » دېگەن ئىستون ئېچىلىپ ل . مۇتەللىپ، موڭغۇل شائىرى سايىن چوكتۇ، نېمشەھىت ئۈچىنى سىزما رەسىمى، تەرجىمھالى ۋە شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. ل . مۇتەللىپنىڭ ئابدۇكېرىم خوجايوف تەرجىمە قىلغان « بۇ مېنىڭ ياش گۈلۈم ئېچىلاتتى »، « جۇڭگو »، « يىللارغا جاۋاب » ناملىق ئۈچ پارچە شېئىرى بېسىلغان.

63. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 11 ـ ساندا ژۇرنال نامىدىن « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ » ناملىق ئوبزور ماقالىسى بېسىلغان. ئاندىن « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىن » نامدا شائىرنىڭ « جۇڭگو »، « تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا »، « ھەسەن ـ ھۆسەن »، « يىللارغا جاۋاب »، « خىيالچان تىلەك » قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق » ناملىق ئەسىرى بېسىلغان. يەنە تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ( كىچىك ماۋزۇدا : ل . مۇتەللىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا ) « ئۇلۇغ غايىنىڭ بايرىقى مەڭگۈ لەپىلدەيدۇ » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

64. « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا تەتقىقاتچى قادىر ئەكبەر يازغان« لوتپۇللاھ مۇتەللىپ پوئېزىيەسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

65. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 12 ـ ساندا « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز » دېگەن مەخسۇس ئىستون ئېچىلىپ تىيەن جىيەن، جاڭ جىمىن، ليۇ شياۋۇ، ئەزىزوپ قاسىم، جاپپار ئەمەت، ماخمۇتجان ئىسلام، قېيۇم سوپى قاتارلىقلارنىڭ ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى باستى. يەنە تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ « يىللاغا جاۋاب توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسىنى باستى. ئابدۇللا تالىپنىڭ « قاينام ئۆركىشى » ناملىق رومانىدىن 4 ـ بابى بولغان « سۆرگۈن » نى باستى. تىيەن چەن بىلەن جاڭ جىمىننىڭ شېئىرلىرى 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاقسۇدا يېزىلغان.

66. 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن خەلق تىياتىرخانىسىدا ئېچىلدى. 200 دەك ئادەم قاتناشتى. ماقالە ئوقۇلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوپ ھامۇت « ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشايلى » دېگەن تېمىدا سۆزلەپ ل . مۇتەللىپنىڭ ئالغا بېسىش، قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق، ھاياتىنى ۋەتەن، خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلاش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

67. « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا تېيىپچان ئېلىيوف يازغان« ۋەتەنىنىڭ

uyghurkitap.com



سادىق، مۇنەۋۋەر ئوغلى - ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » ناملىق ماقالە بېسىلغان.

68. « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) 1982 - يىللىق 12 - سانىغا لى ماۋكوي يازغان « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرى - ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » ناملىق ماقالە بېسىلغان.

69. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانىغا جاپپار ئەمەتنىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

70. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانىغا تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » دېگەن ماقالىسى ۋە ئابدۇمىجىت قاسىمى، غۇلام ئەبەيدۇللا، ئابدۇغېنى سېيىت قاتارلىقلارنىڭ ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان « يېشىل قارىغاي »، « يادنامە »، « شائىر خاتىرىسىگە » ناملىق شېئىرلىرى بېسىلغان.

71. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانىنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىغا رەسسام غازى ئەھمەت سىزغان ل . مۇتەللىپنىڭ رەسىمىنى باستى.

72. « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 - ساندا « ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنى » مۇناسىۋىتى بىلەن « ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز » دېگەن سەھىپە ئېچىپ شۇ ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوف ھامۇتنىڭ « ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز » نى باستى. ت.ئېلىيوفنىڭ « ۋەتەننىڭ سادىق، مۇنەۋۋەر ئوغلى » دېگەن ماقالىسىنى، ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك » ناملىق ماقالىنى باستى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئارتىستلىرى شائىرنىڭ « جۇڭگو »، « يىللارغا جاۋاب » ناملىق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى، مۇھاكىمە يىغىنىدا ت. ئېلىيوف، ئا. تۇردى، ئابلەت ئۆمەر، بۇغدا ئابدۇللا، ئەخمەتبەگ كىرىشبايلارنىڭ ماقالە ئوقۇغانلىقىنى، 2000 دەك ئادەم قاتنىشىپ، « يىراقتىكى ئۇچقۇنلار » كىنوسى قويۇپ بېرىلگەنلىكى، يىغىنىڭ 1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق تىياتىرىدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىندى.

73. 1983 - يىل 8 - ئايدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تۈزگەن ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ تولۇقلاپ نەشر قىلىنغان توپلىمى« ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرى » نى نەشر قىلدى. كىتابنىڭ بېشىغا « ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ تولۇقلاپ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن » دېگەن ماقالە بېسىلدى. بۇ توپلامغا ئۇنىڭ شېئىرلىرى، نەسىر، فېلىيەتونلىرى، « كۈرەش قىزى »، « چىن مودەن » ناملىق دراممىسى، « ئەدەبىيات نەزەرىيىسى »، « سەنئەتكە مۇھەببەت »، « تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى » ناملىق ئۈچ پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلدى.

74. « مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ (خەنزۇچە) 1984 - يىللىق 2 - ساندا جاڭ يۈ ئىمزاسىدا « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىنقىلابى ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى » دېگەن تېمىدىكى ل . مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيتى مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالىسى بېسىلغان.

75. شائىر ھېيتەم ھۆسەيىننىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىلى نەشر قىلغان « گۈل ئوغرىسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا 1984 - يىلى يازغان « ل.مۇتەللىپ قەبرىسى ئالدىدا » ناملىق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

76. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان قازاق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ 7 - سىنىپ دەرسلىكى « ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى » 2 - بۆلۈمدە ل . مۇتەللىپنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان ۋە شائىرنىڭ « ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق » ناملىق نەسرى كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن

كېيىنكى نەشر قىلىنغان قازاق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ « ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى » دەرسلىكلىرىگە ل . مۇتەللىپنىڭ « لېنىن شۇنداق ئۇگەتكەن »، « يىللارغا جاۋاپ »، « ھەسەن ـ ھۈسەن » قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

77. تۇرسۇن ئەرشىدىننىڭ « لوتۇن » نامىلىق كىتابى 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلىق نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلىنغان.

78. « تارىم » ژورنىلىنىڭ1985 ـ يىللىق9 ـ سانىغا ئىمىن تۇرسۇن يازغان « ئوت يۈرەك شائىر » ناملىق نەسرى بېسىلغان.

79. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى1986 ـ يىللىق يىللىق 4 ـ سانىغا نۇرمۇھەممەت زامانىنىڭ ل.مۇتەللىپ ئىجادىيتى تەھلىل قىلىنغان « جاپالىق يىللاردىكى جەڭگىۋار ئەدەبىيات » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

80. « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 1986 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا جاپپار ئەمەتنىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ شېئىر ئىجادىيتى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

81. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئۆزبەكىستاننىڭ تاشكەندە 1976 ـ يىلى غەپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى ل . مۇتەللىپنىڭ شائىر خەمىت غۇلام، روزى قادىرلار تەرجىمە قىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى « ياشلىق خۇددى چاقماق دېگەن نام بىلەن كىتابچە قىلىپ نەشر قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

82. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشر قىلغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى، « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » نىڭ نۇرمۇھەممەت زامانى تۈزگەن 4 ـ كىتابى « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى » قىسمىدا لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھاياتى، ئىجادىيتى تونۇشتۇرۇلغان.

83. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا « ئۇيغۇر دېمكوراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن » سەھىپىسىدە « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ » دېگەن نام بىلەن ل . مۇتەللىپنى تونۇشتۇرغان.

84. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ « قانلىق ساۋاق » ناملىق دراممىسىدا ل . مۇتەللىپ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ دراممىا ئاپتۇرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشر قىلغان « كۆرەش يولى » دراممىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

85. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا شائىرە سەيياره سەلەينىڭ : « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى بەدىئي ئۇسلۇب توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

86. ۋۇ چوڭيىڭ يازغان،مەركىزىي مىللەرتىلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان « جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ناملىق كىتابتا ل . مۇتەللىپنىڭ ھاياتى، ئىجادىيتى تونۇشتۇرۇلغان.

87. 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئىلقىدا « ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 ـ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا قېيۇم تۇردى، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، مەمەت شاۋۇدۇن قاتارلىقلار ماقالە ئوقۇدى. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 11 ـ سانىدا بۇ ھەقتىكى خەۋەر ۋە ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ يىغىندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكىمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋزېدۇڭ ئىمزا قويغان، 1956 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكىمىتى چۈشۈرگەن ل . مۇتەللىپكە ئىنقىلاۋى قۇربان دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى گۇۋاھنامە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى.

88. « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 11 ـ سانىغا ئازات سۇلتاننىڭ ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە » ناملىق ماقالە بېسىلغان. مۇشۇ سانغا ئىلقا ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى جاۋ دېجۇڭنىڭ « ل . مۇتەللىپ مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز » ى

www.uyghurkitap.com

بېسىلغان.

89. « مىللىي يازغۇچىلار » (خەنزۇچە) ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 6 ـ ساندا « ل . مۇتەللىپ توغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى خاتىرلەندى » دېگەن ژۇرنال ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، بۇ يىغىنىنىڭ 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ل . مۇتەللىپنىڭ يۇرتى نىلقىدا ئېچىلغانلىقى، يىغىندا ئىسمائىل ئەھمەت، تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنىڭ ئوقۇپ ئۆتۈلگەنلىكى، ئاندىن ئاپتونوم رايونلوق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ « ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان ل . مۇتەللىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات » دېگەن تېمىدا سۆز قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى باستى. خەۋەردە يەنە يىغىندا ئاتاقلىق يازغۇچى لىيۇ شاۋۋۇ، ئاپتونوم رايونلوق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چىن بەيجۇڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتكەنلىكى، تەتقىقاتچىلاردىن ئازات سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلارنىڭ ماقالە ئوقۇغانلىقى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىقلارنىڭ ل . مۇتەللىپ ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى، يىغىندا يەنە نىلقا ناھىيەلىك پارتىكومنىڭ شۇجىسىمۇ سۆز قىلغانلىقى، نىلقا ناھىيەلىك 2،3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز تىللىرىدا ل . مۇتەللىپنىڭ « جۇڭگو »، « يىللارغا جاۋاب » شېئىرلىرىنى دىكلاماتسىيە قىلغانلىقى، بۇ يىغىننى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ كۆرگەزمىخانىسى، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، نىلقا ناھىيەلىك پارتىكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئويۇشتۇرغانلىقى، يىغىن مەزگىلىدە ل . مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابى ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن « يىراقتىكى ئۇچقۇنلار » ناملىق كىنونىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى ھەققىدە تەپسىلى خەۋەر بېرىلدى. ژورنالنىڭ بۇ سانىغا يەنە جاڭ يۆنىڭ « ل . مۇتەللىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاساسى » دېگەن ماقالىسىمۇ بېسىلدى.

90. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 11 ـ سانىغا قېيۇم تۇردىنىڭ ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71يىللىقىغا بېغىشلانغان « ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

91. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 12 ـ سانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇقاۋىلىرىغا ل . مۇتەللىپ ھەققىدە نىلقىدا ئېچىلغان 1993 ـ يىلىدىكى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلغان.

92. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان مەخمۇتجان ئىسلام، ئابلىمىت ئىسمائىل تۈزگەن، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى » ناملىق كىتابتا لوتپۇللا مۇتەللىپ تونۇشتۇرۇلغان.

93. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا مۇھەممەت ئەيسا جامىنىڭ « ل . مۇتەللىپنىڭ دراما ئىجادىيتى ھەققىدە ئىزدىنىش » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

94. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا. تۇرسۇن ئەرشىدىنىنىڭ « ل . مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىسى بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

95. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇت يازغان« مۇتەللىپ ئېلىپ كەلدى نىلقىغا مېنى » ناملىق شېئىرى بېسىلغان.

96. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا ئەنەيتۇللا قۇربان يازغان « <يىللارغا جاۋاب> نىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

97. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 7 ـ ساندا جاپپار ئەمەتنىڭ « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » دېگەن ماقالىسى بېسىلغان.

98. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 8 ـ سانىغا ئابدۇللا تالىپنىڭ « شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

99. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان ئىمىنجان ئەھمىدى تۈزگەن « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر » ناملىق كىتابتا ل . مۇتەللىپ تونۇشتورۇلغان.

100. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلغان، ئۇچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن« ئاھ نۇرلۇق ئابىدىلەر » ناملىق توپلامغا ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان مەرسىيەلەردىن ئەلقەم ئەختەمنىڭ 1953 ـ يىلى يازغان« دوستۇم مۇتەللىپ »، تۇردى سامساق 1955 ـ يىلى يازغان « شائىرغا »، رەخمىتۇللا جارى 1962 ـ يىلى يازغان« ئوت يۈرەك شائىر »، ئابدۇللا تالىپ 1980 ـ يىلى يازغان « جەڭگىۋار شائىر »، ھەجەر قادىر 1980 ـ يىلى يازغان« ئىجادىڭ ئۆمرى تەڭ مىڭ ئۆمۈرگە »، ئوسمانجان ساۋۇت 1981 ـ يىلى يازغان « لوتپۇللا مۇتەللىپ خاتىرىسىگە »، جەمىلەم غۇجەش 1982 ـ يىلى يازغان « شائىر ئۆلمىدى »، ئايىمخان ئاۋامىسلىم 1983 ـ يىلى يازغان « ئۆچمەس يۇلتۇز »، ئابدۇساتتار ناسىرى 1983 ـ يىلى يازغان « ئۆچمەس يۇلتۇز »، ئابدۇكېرىم خوجايۇف 1986 ـ يىلى يازغان « لوتپۇللا مۇتەللىپ قەبرىسى ئالدىدا »، ئابدۇكېرىم مەخسۇت 1986 ـ يىلى يازغان« تۇر شائىر، ئېنىڭ كەلدى سېنى ئىزدەپ »، ئابدۇسالام توختى 1995 ـ يىلى يازغان « خەلق ئوغلانى لوتپۇللا »، ئابلىز ئۆمەر يازغان « ئىزىڭ ئۆچمەيدۇ » قاتارلىق مەرسىيەلەر كىرگۈزۈلگەن.

101. « تارىم » ژورنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 12 ـ سانىغا مەمەت شاۋدۇننىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ خەلقنىڭ قەلبىدىكى شائىر » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

102. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى يازغۇچى مۆمىن مۇھەممىدى يازغان ل. مۇتەللىپنىڭ بالىلىق ھاياتىغا بېغىشلانغان « شاۋقۇن » ناملىق رومان نەشر قىلىنغان.

103. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان، ئازاد سۇلتان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن« 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » ناملىق كىتابتا لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى ھاياتى ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان.

104. مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان مۇھەممەت ئەيسا جامى يازغان « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىرامىچىلىقى توغرىسىدا » ناملىق ئىلمى كىتابتا ل . مۇتەللىپ دىراملىرى بىر باب تەھلىل قىلىنغان.

105. مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان« جۇڭگو مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ماقالىللىرى » (خەنزۇچە) ناملىق كىتابقا خۇجىڭخۇا يازغان « ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر شائىرى ل.مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى » ناملىق ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

106. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى » ناملىق كىتابتا ل . مۇتەللىپ تونۇشتۇرۇلۇپ، تەھلىل قىلىنغان.

107. « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ2003 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا تەتقىقاتچى شەۋكەت ئېلاخۇن يازغان « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بەدىئىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى » ناملىق ماقالە بېسىلغان.

108. « شىنجاڭ ئۇنىۋېسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا دوكتۇر مۇھەممەت ھوشۇر يازغان « ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لوتپۇللاھ مۇتەللىپ شېئىرلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى سېلىشتۇرما» ناملىق ماقالە بېسىلغان.

109. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشر قىلغان ھاجى ئەھمەت كۆلتىگىن يازغان، « ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى ـ ئەھمەت زىيائىي » ناملىق كىتابىدا ل . مۇتەللىپ بىلەن ئەھمەت زىيائىينىڭ دوستلىقى بايان قىلىنغان.

110. « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ژۇرنىلى » نىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ژانىر تۇرلەرگە قوشقان تۆھپىسى » ناملىق ماقالىسى بېسىلغان.

111. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشر قىلغان تەتقىقاتچى قاۋسىلقان قامىجانىڭ « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۇرمىشلىرى ناملىق كىتاب ھەققىدە » ناملىق ماقالە « ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار » ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

112. مىللەرتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشر قىلغان ئىمىنجان ئەھمىدى، مۇھەممەت تۇردى مىرزائەھمەت، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام، شەۋكەت ئىلاخۇن، ماخمۇتجان مۇھەممەتلەر تۇزگەن، « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » (3 ـ قىسىم)دا لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تونۇشتۇرۇلغان.

113. « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان « لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىيات قارىشى ھەققىدە تەتقىقات » ناملىق ماقالە بېسىلغان.

114. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان « 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەۋائىي ئوبرازى » ناملىق ماقالە بېسىلغان. ماقالىدا ل . مۇتەللىپ ھەققىدە توختالغان.

115. « مەركىزىي مىللەرتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » (خەنزۇچە)نىڭ 2006 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا ۋۇ شىياۋچىڭ، ئەكبەر قادىر بىرلىكتە يازغان « شىنجاڭ ھازىرقى زامان شائىرى مۇتەللىپ بىلەن تاگجارىق ئەسەرلىرى ئۇستىدە تەتقىقات » ناملىق بېسىلغان. ماقالىدە لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بىلەن قازاق شائىرى تاگجارىق سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىنغان.

116. لىياۋ نىڭ نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشر قىلغان خەنزۇچە كىتاب « جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەزكىرىسى » دەل . مۇتەللىپ تونۇشتۇرۇلغان.

117. « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان « ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ۋە لوتپۇللاھ مۇتەللىپ» ناملىق ماقالە بېسىلغان.

118. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرى دېگەن يۇرۇشلۇك كىتابلار قاتارىدا2008 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ل . مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ » ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

119. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشر قىلغان كېرىمجان ئابدۇرېھىم باش تۇزگۇچىلىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى« ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى » ناملىق كىتابتا ل.مۇتەللىپ تونۇشتۇرۇلغان.

120. « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى » نىڭ 2008 ـ يىللىق 3 ـ ساندا كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە پۇشكىن » ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىدا ل. مۇتەللىپ ھەققىدىمۇ مۇھاكىمە يۇرگۇزۇلگەن.

121. تۇرسۇن ئەرشىدىنىڭ « ل.مۇتەللىپ » ناملىق كىتابى 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

122. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشر قىلغان ئۇيغۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ « تىل ـ ئەدەبىيات » دەرسلىكى 1 ـ قىسىمغا ل . مۇتەللىپنىڭ « تەسىراتىم » ناملىق شېئىرى كىرگۇزۇلگەن.

123. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ « تىل ـ ئەدەبىيات » دەرسلىكى 1 ـ قىسىمغا ل . مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاپ »، « تەسىراتىم » ناملىق شېئىرى كىرگۇزۇلگەن.

124. « ئىلى دەرياسى » ژورنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 6 ـ ساندا يۇسۇپ ئەيسا يازغان « قاينام ئۆركىشى تەخەللۇسى ھەققىدە » ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان.

125. تۇرسۇن ئەرشىدىنىڭ « تەڭرىتاغ دىيارىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز » ناملىق

كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

126. تۇرسۇن ئەرشىدىننىڭ « ل.مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى » ناملىق كىتابنى شىجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىندى.

127. شىيا چىنرۇ يازغان « ل . مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايە » ناملىق قوش تىللىق رەسىملىك كىتابچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن 2010 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

128. « مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى » ( خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا چى شىياۋبىڭ يازغان « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرى ل . مۇتەللىپ ۋە رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى » ناملىق ماقالە بېسىلدى.

129. شىنجاڭ ئۇن ـ سىن نەشرىياتى تەرپىدىن 2011 ـ يىلى« لوتپۇللاھ مۇتەللىپ » ناملىق ئۇيغۇرچە باللار ئوقۇشلۇق كىتابى نەشر قىلىندى.

**ل.مۇتەللىپنىڭ چەتئەلدە نەشر قىلىنغان كىتابلىرى**

1. قادىر ھەسەنوفنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1951 ـ يىلى ئالمۇتادا « قازاق ئىلى» نەشرىياتى تەرپىدىن ل.مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاب » ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

2. قازاقىستان دۆلەت ئوقۇش پېداگوكىكا نەشرىياتى تەرپىدىن 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 9 ـ ،10 ـ سىنىپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » ناملىق كىتابقا ل . مۇتەللىپنىڭ تەرجىمھالى ۋە شېئىرلىرى ئۇستىدىكى تەھلىل كىرگۈزۈلگەن.

3. مۇرات ھەمرايوفنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1975 ـ يىلى ئالمۇتادا « يازغۇچى » نەشرىياتى تەرپىدىن ل.مۇتەللىپنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن « لوتپۇللا مۇتەللىپ » ناملىق كىتاب تۈزۈلگەن.

4. ئا.كورنوۋ بىلەن مۇرات ھەمرايوفنىڭ روس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1976 ـ يىلى موسكوۋادا « ھەققەت » نەشرىياتى تەرپىدىن ل.مۇتەللىپنىڭ « ياشلىق خۇددى چاقماق» ناملىق توپلىمى روس تىلىدا نەشر قىلىنغان.

5. خەمىت غۇلام بىلەن روزى قادىرلارنىڭ روسچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن1976 ـ يىلى ئۆزبەگىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە غاپۇر غۇلام نامىدىكى نەشرىيات تەرپىدىن ئىبراھىم غەپۇروۋ مۇھەررىرلىكىدە « ياشلىق خۇددى چاقماق » ناملىق كىتابنىڭ ئۆزبەكچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان.

6. ياش گۋاردىيە نەشرىياتىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى ھەم نەشر قىلىشى بىلەن 1982 ـ يىلى ئۆزبەكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە ل.مۇتەللىپنىڭ « ماي ناخشىسى » ناملىق توپلىمى روس تىلىدا نەشر قىلىنغان.

7. 1982 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنت شەھرىدە ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن.

8. مۇرات ھەمرايوفنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1983 ـ يىلى ئۆزبەكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە ل.مۇتەللىپنىڭ « يىللارغا جاۋاب » ناملىق توپلىمى ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىنغان.

**رەتلىگۈچى : توختىقارى نۇر (2008)**






# مۇنەۋۋەر مەخمۇت (2009)

*قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى خەلق سۆيەرلىك روھى قىسقىچە تەھلىل قىلىنغان.*
*ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ل . مۇتەللىپ، شېئىر، خەلق سۆيەرلىك.*

لوتپۇللاھ مۇتەللىپ(1922 ـ 1945) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان تالانتلىق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە 23 يىللىق ھاياتىدا ئۆچمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلق قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھايات بولسىدى بۇ يىل دەل توقسان ياشقا قەدەم قويغان بولاتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى رەھىمسىز دەۋر، ئىجتىمائىي سىياسەت، شۇم پەلەك شائىرنى بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرالمىدى. شائىر ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارىتى، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئېسىل ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىپ، خەلققە تەقدىم قىلدى. بۇ نادىر ئىجادىيەتلەر بىزگە قالغان قىممەتلىك مىراستۇر. ئۇنىڭ ھاياتى ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، جەبىر ـ زۇلۇم تارتىۋاتقان ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ھايات.

ل . مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئاساسلىقى شېئىر، فېلىيەتون، نەسىر، دىراما، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت شېئىر ئىجادىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ھەقىقىي بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان، ئەينى دەۋردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى يالقۇنلۇق لىرىكا ۋاستىسى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىرلارنى ياراتقان. ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، قويۇق دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، زور ئىدىيۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى » (1938 ـ يىلى)، « تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا » (1943 ـ يىلى)، « ياشلىق ئۆگەن » (1943 ـ يىلى)، « يىللارغا جاۋاب » (1944 ـ يىلى)، « خىيالچان تىلەك » (1945 ـ يىلى) قاتارلىق ئۆتكۈر تىللىق شېئىرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئاساسلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، جەڭگىۋارلىق، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان تەلپۈنۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىق ئىدىيۋى مەزمۇنلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى خەلق سۆيەرلىك روھ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى. ل . مۇتەللىپنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى

سىگەن شېئىرلارنى يېزىشتىن مەقسىتى، خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، ئىنقىلاب يولى بىلەن قۇتقۇزۇش ۋە خەلقنى مەدھىيىلەپ، روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇش بولغاچقا، شېئىرلىرى تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن خەلققە يېقىن، چۈشىنىشلىك، ئىخچام بولۇشنى ئۆزىگە مۇھىم بىر پىرىنسىپ قىلغان. ھەم شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نىشانلىق ئىجادىي شېئىرلىرى يولىدا باشتىن ـ ئاخىر بايرىقى روشەن ھالدا بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

شائىر ل . مۇتەللىپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغارلىق رولىنى ئويناپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن مۇنەۋۋەر ئۇستاز. مەن تۆۋەندە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىمنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمەن:

ھەربىر ئىشتا ئەل خىزمىتىگە ئاساسلانساق،

قۇرۇپ تېخنىكا، ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق،

تەرەققىيات يولىغا ئەزىز جاننى ئاتساق،

بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ل . مۇتەللىپنىڭ « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى » ناملىق شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا خەلق ئىشلىرى يولىدا قىيىنچىلىقتىن، ئوڭۇشسىزلىقتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى ۋە خەلقنى تەرەققىيات يولىغا باشلاش ئىدىيىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

خەلقىم ئۇزاق يىللار زۇلۇملار چېكىپ كەلدى،

زۇلۇم دەستىدە كۆز يېشى دەرياdeك ئېقىپ كەلدى.

قانچە رەت قوزغالدى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئىزدەپ،

يېتەلمەي مەقسىتىگە،شۇم قارا تاغلار بېسىپ كەلدى.

شائىر « كۈرەش سېپىدىن شەپە » شېئىرىدىكى يۇقىرىقى مىسرالاردا ئەزگۈچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمى، جاھالەتلىك زامانىنىڭ يامان ئىللەتلىرى، شۇنداقلا خەلقنىڭ بۇ خورلۇق، دەرد ـ ئەلەملەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق يولىدا قەيسىرانە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، قارا كۈچلەر تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەنلىكىدەك مەزمۇننى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

*********** ***********

كېلەرمەن يېڭى قۇۋۋەت توپلاپ يۇرەككە،

ئۆلكەمنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۈچۈن.

بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە،

ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۈچۈن.

شائىر « خوش » دېگەن شېئىرىدىكى بۇ ئوبرازلىق مىسرالاردا ھەرخىل پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەپ، خەلققە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ـ ئاپەتنى تونۇتۇپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنى نادامەتتىن، جاھالەتتىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلاپ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگەللەيدىغانلىقىدەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايەن قىلغان.

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل،

قانلىق مەيدانغا چۈشتى، باغلاپ مەھكەم بەل.

بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،

بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر ھەل.

..............................

شائىرنىڭ « مارشلار » ماۋزۇسى ئىچىدىكى « ئازادلىق كۈرەش » دېگەن يۇقىرىقى شېئىرىدا ئەينى دەۋرنىڭ ۋىجدان ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەققانىيلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەل ـ خەلق بىلەن بىرلىكتە كەسكىن جەڭ مەيدانىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ياۋۇز كۈچلەر ئۈستىدىن قەيسەرلىك بىلەن ئاداققىچەكۈرەش قىلغاندىلا، ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، خەلقنىڭ ھامان بىر كۈنى تىنچ ۋە خاتىرجەملىككە تولغان، ئەركىنلىككە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هۆرلـۈككە ئـﯩـگە بولغـان بەختـيـار كـۈنگە ئېرىشـىـدىغانلىقى ۋە خەلقنـىـڭ غەلىبـىـسـىـگە بولغـان چەكسـىـز ئىشەنچىسـى ئىزھـار قىلىنغان.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا، يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.

كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا، يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا.

شـائىرنىڭ شـېئىر ئىجادىيىتىنىـڭ يۈكسـەك چوققىلىرىـدىن بىـرى بولغـان « يىللارغـا جـاۋاب » نـامىلىق شـېئىرىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا خەلقنى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىزىدىن مېڭىپ، ھەققانىي جەڭگە كىرىپ، كـۆرەش يولـىدا ھارمـاي ـ تالماي ئالغـا ئىلگىرلەشـكە ۋە زۇلۇمغـا قارشـى پـىداكارلىق بىـلەن كـۆرەش قىلىشـقا چاقىرغان.

ۋەتەن، خەلـق ئۈچۈنـدۇر دائىـم بىزنىـڭ ئىشىمىز،

ئـازاد تۇرمـۇش ئاشىنىسى بولـدى ھەر بىـر كىشىمىز،

زور مەقسـەتلەر يولـىدا بىزنىـڭ ئـوي ۋە پىكرىمىز،

ئىجـاد ئېتىشـتۇر ھارمـاي يېپيېڭىنـى زىكرىمىز،

قوبۇل ئەيلەڭ شېئىرىمنى، سىز بىمالال، سازەندىم.

شائىرنىڭ « چال، سازەندىم » نامىلىق بۇ مۇخەممىسـىـدە خەلـق ئۈچـۈن ئۆزىنىـڭ بارلىقىنى ئاتاش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، يېڭى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەر يولىدا ئىزدىنىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلـق بىـلەن بىـر نىيەت بىر مەقسـەتتە توختىماي ئالغا ئىلگىرلەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ « خىيالچان تىلەك » نامىلىق شېئىرىدا:

مەرد باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،

تەربىيىسـىـز سـولدۇرۇپ گـۈل ـ چېچەكلەرنى.

ل . مۇتەللىـپ بـۇ مىسـرادا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدىن سىمۋول قوللانغان بولـۇپ، « مەرد باغۋەن » نـى ـــ شـائىر ئـۆزى ۋە ئـۆزىگە ئوخشـاش ھەققانىي، كۆرەشكە باش بولالايدىغان كىشىلەرگە، « باغ » نى ـــ ئۆز ۋەتىنى ۋە ئانا يۇرتىغا، « گۈل ـ چېچەكلەر » نى ـــ ئەل ـ خەلقلەرگە سىمۋول قىلغان. ھەققانىيەت يولىدا مەيدە كېرىپ ماڭغۇچىلارخەلقنىڭ ياۋۇز كۈچلەر تەرىپىدىن نـادامەت چېكىشـىگە يـول قويمـاي، ئۇلارغـا ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇشقا يېتەكلىگەن.

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس؟!
ئاشـىقى كۈتـۈپ تۇرسـا ئېچىـپ يـورۇق روجەكلەرنى . . .

ل . مۇتەللىپنىـڭ بـۇ مىسراسـىدىمۇ سىمۋول قوللىنىلغان بولۇپ، « جانان » نى ـــ ئويغانمىغـان خەلققە، « ئاشـىق » نى ـــ شـائىر ئـۆزى ۋە ئـۆزىگە ئوخشـاش خەلقنىـڭ ئىشقىدا پەرۋانە كىشىلەرگە، « يورۇق روجەك » نى ـــ ئـۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سىمۋول قىلغان. شائىرغا ئوخشاش خەلقنىڭ دەردىگە دەرمـان بولـىدىغان كۆرەشـچان كىشـىلەر خەلقنىـڭ ئـازاب ـ ئوقـۇبەتتە چىـداپ تۇرالماي، پولاتتەك چىڭ كۆرەش روھى بىلەن خەلقنى ئىنقىلابقا چاقىرغان.

خـــۇددى روس يازغۇچىســـى دوبرولـيۇبـــىكىنىڭ:« بىزنىـــڭ يازغـــان ئەسـەرلىرىمىزدە تېخىمـۇ كـۆپ نەرسـىلەر بولۇشـى كېـرەك. خەلـق روھـى سـىڭگەن، ئۇلارنىـڭ تۇرمۇشـى ئىپادىلەنگەن بولۇشى، ئـۇلار بىـلەن بىـر سـەۋىيەدە تۇرغان بولۇشى كېرەك » دېگىنىـدەك، لوتپۇللاھ مۇتەللىـپ يـاپون باسـقۇنچىلىرىدىن ئىبـارەت ئورتـاق دۈشـمەنگە قارشـى خەلقنىـڭ يـۈرىكى بىـلەن رىتىمـداش يـۈرەككە ئىـگە. قەلەمنـى قـورال قىلىـپ، ئېزىلگـۈچى خەلـق بىـلەن بىـر ياقىدىن باش، بىـر يەڭـدىن قـول چىقىرىـپ كۆرەشـىنىڭ ئـاداققى غەلىبىسـى ئۈچـۈن قەيسـەرانە روھ بىـلەن ئىزچىـل ئالغا قـاراپ ئىلگىرلەيـدىغان جاسـارىتىنى نامـايەن قىلىشـقا، خەلقنىـڭ مەنپەئەتـى ۋە ئـارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئۆز غايىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنىـڭ ئارمانلىرىـدا چوغلانغـان يـۈرىكى بىلەن قولغا قەلەم ئېلىپ خەلقنى ئېگىز

چوققىلارغا قاراپ ماڭالايدىغان ۋە ئىنقىلاب سېپىگە يۈرەكلىك ئاتلىنالايدىغان بولۇشقا ئۈندىگەن. ئۇ خەلقنىڭ قايغۇ - شادلىقى، ئازاپ - ئوقۇبىتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن نەپەسداش، تەقدىرداش بولۇپ، خەلق ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى، شىجائىتىنى، زېھنىي كۈچىنى، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلالىدى.

بىز لوتپۇللاھنىڭ قېرىندىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلالىدۇق؟ ئۇنىڭغا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك؟ ئۇ بىزدىن باشقا نەرسىنى ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ ئېچىپ بەرگەن يول بىلەن توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرلەپ، خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان بىر ئوتلۇق يۈرەك بولۇش ۋە ئەل - خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، خەلقنى تېخىمۇ خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز دەيدىكەنمىز، ھازىرقى ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلىرىمىز ل . مۇتەللىپنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ھەرۋاقىت خەلقنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىش، بەلگىلىك ئىدىيۋى تەسىرگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى يەنە بىر ئۆگىنىش نۇقتىسى قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى، ئىرادىسى، بەدىئىي ماھارىتى ھەم ئالىيجاناپ خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، خەلق ئۈچۈن يازىدىغان، ئىجادىيىتىدە خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تېما تاللىشىدەك ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ئېسىل - نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ خەلقىمىزگە ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىش ۋە نۇرلاندۇرۇش يولىدا توختىماي تىرىشىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر.

سۆيۈملۈك شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۈنلەر قوينىدا چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئەسەرلىرى بىزگە بۈيۈك مىراس سۈپىتىدە مەڭگۈ يورۇق نۇر چاچقۇسى! بۇ يىقىلماس، كاتتا ئابىدىنىڭ ئوتلۇق سىماسى بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولغۇسى!!!

پايدىلانمىلار:

① ل . مۇتەللىپ، « يىللارغا جاۋاب »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى.

②ئازاد سۇلتان، « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە »، « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 11 - سان.

③سەييارە سەلەي، « ل . مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا »، « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 1 - سان.

**مۇھەررىر : توختىقارى نۇر (2008)**
**كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)**



www.uyghurkitap.com

# مۇبارەك لوتپۇللاھ تەۋەللۇتىڭغا

رۇقىيەگۈل تۇرسۇن ئايقۇت (2010)

توقسان يىل مۇقەددەم كەلدى دۇنياغا،
لوتپۇللاھ ئاتىدا بىر غايىلىك بالا،
قىپقىزىل بايراقنى تۇتۇپ قولىدا،
ئازادلىق ئۇرۇقى چاچتى زېمىنغا،
ھەقىقەت جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

بىر ئۆمۈر ئەل ئۈچۈن قىلدىڭ ئىنقىلاب،
كۈرەش ۋە ئىجادتا ياشىدىڭ قايناپ،
مەردلەرچە بەرگەچكە « يىللارغا جاۋاب » ،
توقسان يىل كېيىنمۇ پارلىدىڭ چاقناپ،
ئازادلىق جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

قەلەمدە ئوق ئاتتىڭ جاھانگىرلارغا،
يورۇق يول كۆرسەتتىڭ خارلانغانلارغا،
باش بولۇپ تۇمەنمىڭ ئارسلانلارغا،
باشلىدىڭ ئۇلارنى نۇرانە يولغا،
مەرىپەت جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.
مەرىپەت، ئەمگەكنى كۈيلىدىڭ ئەبەد،
جاھالەت ئۈستىدىن قىلىپ شىكايەت،
قاپارغان قوللارغا باغلاپ مۇھەببەت،
ئەل ئۈچۈن يىغلىغاچ تاپتىڭ ھىدايەت،
يورۇق تاڭ جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

ئېزىلگەن خەلقىنىڭ شائىرى ئۆزۈڭ،
ئەركىنلىك تۇغىنى ئاستىڭ، كۆتۈردۈڭ،
ھەقىقەت نۇرىغا چۆمۈلگەن يۈزۈڭ،
يىغلىسا يىغلىدىڭ ئەل كۈلسە كۈلدۈڭ،
قۇت ـ بەخت جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

روھىڭدا لەززەتلىك « خىيالچان تىلەك » ،
كۈرەشكە جان تىكىپ تۇردۇڭ سەن بىلەك،
« ئەرك » دەپ سوققاچقا سەندىكى يۈرەك،
قانخورلار ئوقىغا كەردىڭسەن كۆكرەك،
شىر مەردلىك جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

شېئىردەك جەڭگىۋار ئۆتكەن شۇ ھايات،
شېئىرىڭ ئۆمرۈڭگە يۈكسەك ئىزاھات،
قەلبىڭدە كۆكلىگەچ غايە، ئېتىقاد،
يانمىدىڭ يولۇڭدىن كەلسىمۇ مامات،
ساداقەت جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

لوتپۇللاھ « ياش غۇنچە گۈلۈڭ ئېچىلدى » ،
زۇلمەتلىك دۇنياغا چىراق يېقىلدى،
مىسكىنلەر يۈزگە كۈلكە قېتىلدى،
« مەرىپەت ناخشىسى » ئاڭلا ئېيتىلدى،
يېڭىلىق جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

ياشىدىڭ تارىختا بولۇپ باھادىر،
ئىز چېكىپ يىللارنىڭ بويىنغا نادىر،
سەن شۇنداق ئەل سۆيگەن ئوت يۈرەك شائىر،
كۈرەشنىڭ ئوتىدا جان بەرگەن ئاخىر،
تەسەددۇق جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

ئىجادىڭ كۆكىدە چاقنايدۇ چولپان،
قېرىتىپ يىللارنى ئاشىدۇ داۋان،
لوتپۇللاھ سەن ئۈلۈغ مەڭگۈلۈك كارۋان،
ئىز بېسىپ كەلمەكتە تۇمەنلەپ ئوغلان،
خۇش دەۋران جارچىسى سالام لوتپۇللاھ،
مۇبارەك شائىرىم تەۋەللۇتىڭغا.

مۇھەررىر: ھەبىبە تۇرسۇن (2010)
كورېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)




ئىسمايىل ھېكىم (2009) سىتىنىسا يۇسۇپ (2009) خۇرشىدە سەمى (2009)

**زىيارەت ئۇيۇشتۇرغۇچى: « سادا ژۇرنىلى » تەھرىراتى مۇخبىرلار گۇرۇپپىسى**

تۈنۈگۈنلا تېخى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن دىلىمىزغا يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى يۈكلەپ، يىپەك يولىنى بويلاپ شەرىققە قاراپ يول ئالغان بىر توپ « كارۋانچىلار » ئىدۇق. مانا بۈگۈن بۇ مەرىپەت بېغىنىڭ بۇلاقلىرىدىكى بىلىم شەربەتلىرىنى ئىچكۈچى « مەستانىلەر » بولدۇق. ئەتە بولسا، بۇ گۈزەل باغنىڭ مەڭگۈلۈك خۇش پۇراق چاچقۇچى گۈللىرىدىن ھەسەل ئىشلەپ، خەلقىمىزگە سۇنۇش ئۈچۈن تىرىشماقتىمىز. ئەمما، ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز « قول » بىزنى دۇردانىلەر بېغىنىڭ « چىقىش ئىشىكى » دىن « جەمئىيەت يولى » غا قاراپ ئىتتىرمەكتە. ئۇنداقتا، بىز جەمئىيەت يولىدا دادىل قەدەملەرنى تاشلاپ ئالغا ئىلگىرلىشىمىز ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىزدە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشىمىز كېرەك؟ « جەمئىيەت يولى » دىكى « خىزمەت كوچىسى » غا قانداق بۇرۇلىمىز؟ راستىنلا بەزىلەر ئېيتقاندەك بۇ « خىزمەت كوچىسى » غا كىرىش شۇنچە تەسمىدۇ؟... ئەلۋەتتە، كونىلار: « چوڭنىڭ ئەقلى چوڭچە » دەپتىكەن. شۇڭا بۇ مەسىللەرگە بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەقىقىي بىر ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن، فاكۇلتېتىمىزدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ « خىزمەت كوچىسى » نىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تاپقان بىر نەچچە ھەمساۋاق ئاكا ـ ئاچىلىرىمىز بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق. تۆۋەندە بۇ قىسقىغىنا سۆھبەت خاتىرىسىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

**1. ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بەرگەن بولساڭلار؟**

مەن بۇخەلچەم ئابدۇباقى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك گوما ناھىيە « ئاياللار بىرلەشمىسى » دە ئىشلەۋاتىمەن.

مەن ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر « قىزىلسۇ گېزىتى » ئىدارىسىدا تەرجىمان، ئەدەبىي بەت مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

مەن گۈلشات قۇربانجان. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر « بېيجىڭ جىلى ئۇنىۋېرسىتېتى » دە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئابدۇمىجىت ئابدۇللا. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2006 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى « جۇڭگو مىللەتلەر كۇتۇپخانىسى » دا ئىشلەۋاتىمەن.

مەن ئىلھامجان يۇنۇس. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2006 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر « خوتەن ۋىلايەتلىك چىرا ناھىيە بوستان يېزىلىق پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى (تەشكىلات خادىمى) » دا ئىشلەۋاتىمەن.

2. **سىزنىڭچە خىزمەت تېپىش بەزىلەر ئويلىغاندەك شۇنچىلىك تەسمىدۇ؟**

***بۇخەلچەم ئابدۇباقى:*** مېنىڭچە خىزمەت تېپىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا خىزمەت تېپىش يوللىرى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، ھەر تۈرلۈك ئىمتىھانلار ۋە ئېتىبار سىياسەتلەر ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلىۋاتىدۇ، قىسقىسى تىرىشقانلا ئادەم بولسا خىزمەتسىز قالمايۋاتىدۇ، خىزمەت تېپىش تەس دېگەن ئۇقۇم بىزنى زەھەرلەيدۇ، مەنمۇ ئىلگىرى شۇنداق تويغۇدا ئىدىم، ھەتتا بىر تەرەپتىن خىزمەت تېپىش يەنى ياخشى بىر خىزمەت ئورنى تېپىش تەس دەپ ئويلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمگە ئىشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىدا قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرىنى تاللىغان ئىدىم، ئەمما كىم بىلسۇن، نەتىجەم چىققاندا قارىسام ئاشۇ نەتىجەم بىلەن ۋىلايەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىمۇ گەپ يوق ئۆتەلەيدىكەنمەن، شۇڭا ئىدىيەمىزدىكى « تەس » دېگەن بۇ ئۇقۇمنى چۆرۈپ تاشلاپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىمتىھانغا ھازىرلىنىشىمىز كېرەك.

***گۈلشات قۇربانجان:*** خىزمەت تېپىش بەزى كىشىلەرگە تەس تۇيۇلسا يەنە بەزى كىشىلەرگە ئاسان تۇيۇلىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئىزدەش جېڭىگە قىلغان تەييارلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا . پۇختا تەييارلىقى بار كىشىلەرگە ھەر قانداق شارائىتتىمۇ تەس تۇيۇلمايدۇ.

***ئىلھامجان يۇنۇس:*** ئىنسان تىرىشىدىغانلا بولسا روياپقا چىقارغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. شۇ تىرىشچانلىقنىڭ ئارقىسىدا توختاۋسىز داۋاملىشىدىغان غەيرەت - جاسارەت، ئۆزىگە بولغان تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بولىدىغان بولسا، ھەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. خىزمەت تېپىش تەس دەپ قارايدىغانلار ئۆزىگە ئۆزى روھىي بېسىم پەيدا قىلىۋالغان دەپ قارايمەن. ئەنە شۇنداق « تەس » بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك. مەن قايسى بىر كىتابتىن كۆرۈۋالغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى بەكلا ياقتۇرىمەن، شۇنداقلا تۇغرا ئېيتىلغانلىقىغا ئىشىنىمەن: « ئىشەنچ ــــ تەقدىرنىڭ بەلگىلىگۈچىسى »، شۇڭا ئىنسان ئەستايىدىللىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئىشەنچ بىلەن ياشىشى لازىم.

3. **قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كەسپىمىزنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خىزمەت تېپىش ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟**

***ئۆمەرجان ئىسمائىل:*** كۈنىمىزدە كەسپىمىزدىن خىزمەت تېپىشتىن ئۈمىد زور بولۇۋاتىدۇ. 2011 - يىللىق ئىمتىھانلاردىكى تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە بولغان ئېھتىياج ئاز ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانى، مەمۇرلۇق ۋە ياكى كەسپىي ئورۇنلار بولسۇن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە خادىم قوبۇل قىلىدىغان ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىش ئورنى بۇ يىلمۇ چوقۇم ئۆزگەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا سىز تىل سەۋىيىڭىزگە ئاساسەن تىل تاللاپ ئىمتىھان بەرسىڭىز بولىدۇ. مەمۇرلۇق ئىمتاھانىدا كەسىپ ئايرىمىسىغا تاللاشتا (中文)نى تاللاشمۇ ئاقىلانىلىق. 2006 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى كەسپىمىزنىڭ قايسى كەسىپ تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئايرىيالماي مەمۇرلۇققا ئۆتۈش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان.

خۇلاسەم شۇكى، ھەممىمىزنىڭ تىل سەۋىيەسى ھازىرقى ئىمتىھانلارغا

قاتنىشىشقا يېتىدۇ. مۇھىمى بىزدىكى ئۇنىۋېرسال ساپا.

*بۇخەلچەم ئابدۇباقى:* بىزنىڭ كەسپلا ئەمەس، ھازىر ھەر قانداق بىر كەسپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردا ئوخشاشلا غەم ـ ئەندىشە مەۋجۇت، چۈنكى ھازىر ھەممە ئىمتىھانلاردا دېگۈدەك كەسىپ چەكلىمىسى بار، شۇڭا كەسپىم خىزمەت تېپىشىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ قالارمۇ دەيدىغان قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىشنى ياخشى تەرىپىدىن ئويلىشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىدا ھەممە كەسپكە ئاساسەن پۇرسەت بار، ئەمما مەمۇرلۇق ئىمتاھانىدا قانۇن، كومپيۇتېر قاتارلىق ئىككى ئۈچ بازارلىق كەسپتىن باشقا كەسپلەرنىڭ تاللاش پۇرستى بەك ئاز، كەسىپ چەكلىمىسى قويۇلمايدىغان ئورۇنلارغىلا تىزىملىتىش مۇمكىنچىلكى بار، كەسپي ئورۇنلار ئىمتىھانىسىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئوقۇتقۇچىلىقتا ھەم مەمۇرلۇقنىڭ بەزى ئورۇنلىرى كاتىپلىق، ئىشخانا خىزمەتچىلىكى قاتارلىقلارغا جۇڭگو تىل ئەدەبىياتى (中文) دەپ كەسىپ چەكلىمىسى قويىدىكەن، بەزى دوستلىرىم ئۇقۇشماي مۇشۇ يەرگە تىزىملىتىپ ئاخىرىدا قاتتىق زىيان تارتتى، ساۋاقداشلارنىڭ مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى دەپ ئېنىق بولسا تىزىملىتىشقا بولىدۇ، خەنزۇ ئەدەبىياتى، جۇڭگو ئەدەبىياتى دېيىلسە بۇ بىزنىڭ كەسپ ئەمەس.

*ئابدۇمجىت ئابدۇللا:* گەرچە ھازىر قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلۇپ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ئېھتىياج ئازلىدى دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمەلىيەت بۇنىڭدىن خېلىلا يىراق، قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلغان ئوبيېكتلار ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قانچىلىكىنى ئىگىلەيدۇ، پەقەت ئۇيغۇرچىلا بىلىدىغان ئۇيغۇرلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا مەن بىر نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم، يەنى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇغانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان ئورۇنلار يىلسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ، بۇرۇنقىدەك نوقۇل ئوقۇتقۇچىلىقلا ياكى كەسپىمىز بىلەن ئەسلا مۇناسىۋىتى يوق كەسپلەر ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئورۇنلىرى كۆپىيىۋېتىپتۇ ياكى يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋېتىپتۇ. مېنىڭچە خىزمەت تېپىش ئىستىقبالىنى كۆپ ئويلاشماي، خىزمەت ئۈچۈن كېتىدىغان دەسمىيىنى (زۆرۈر قابىلىيەتلەرنى) كۆپرەك ئويلىشىش كېرەك.

**4. سىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىڭىزدىن قارىغاندا، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جەمئىيەتكە چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىدە قانداق ساپالارنى ھازىرلىشى كېرەك؟**

*بۇخەلچەم ئابدۇباقى:* مەن شىنجاڭغا قايتىپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى ھازىرلاش كېرەك دېگەن نۇقتىدىن پىكىر قىلالايمەن، چۈنكى مەن مۇشۇلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مېنىڭچە بولغاندا:

دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە تېرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى جۇڭگو پۇقراسىلا بولىدىكەن خەنزۇ تىلىسىز ياشاش مۇمكىن بولمايدۇ. ھازىرقى شارائىتتا خەنزۇ تىلى سىزنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتىڭىز بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەمگە ئايلاندى دېيىشكە بولماسلىقى مۇمكىن، دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ، بۇ ھەقتە جىق توختىلىش بىھاجەت.

كىتابنىڭ ئىچىدىلا ياشىماي ئانچە ـ مۇنچە جەمئىيەت كۆرۈشى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، رېئال ھاياتنى چۈشىنىشى، قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، چۈنكى خىزمەت، جەمئىيەت ھاياتىدا پەقەت ئالىي مەكتەپتىكى كەسپىمىزلا ئىشلىتىمەن دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ ھەم رېئاللىق بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. شۇڭا نەدىن دېسە شۇ يەردىن چىقالايدىغان ساپانى ھازىرلاش كېرەك.

ئۆمەرجان ئىسمائىل: ناۋادا بىز ئۆز كەسپىمىزدىن خىزمەت تاپالىساق ئەلۋەتتە كەسپي ساپايىمىزنىڭ رولىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە پايدىلىنىپ، كىشىلىك ساپا جەھەتتىن ئۆزىمىزنى تولۇقلاشقا مۇھتاج

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمىمىز. باشقا ساھەدىن خىزمەت تاپساق شۇ خىزمەت كەسپىي ساپا بىلەن كىشىلىك ساپانى تەڭ ھازىرلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىي خىزمەتمۇ شۇنداق، سىزمۇ مۇشۇ ئىككى خىل ئەھۋال بويىچە ئۆزىڭىزنى داۋاملىق زەرەتلىسىڭىز بولىدۇ.

*ئىلھامجان يۇنۇس:* ئاۋۋال قوش تىل مائارىپى توغرىسىدا سۆز ئاچساق، بۇ بىر مۇقەررەرلىك. كىشى بىر ئىنسانلار توپى ئىچىدە ياشىغانىكەن، چوقۇم شۇ بىر توپنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلنى پىششىق ئىگىلىشى كېرەك. ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا پوزىتسىيەسى ئېنىق ئەمەس ھەم مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەقسەت، بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ، ئىش ھەققى ئېلىپ جان بېقىشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شۇ خىزمەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. شۇڭا مەيلى قايسى تىل بولمىسۇن، شارائىتنى قەدىرلەپ، ياخشى ئىگىلەش كېرەك. مۇشۇ ۋەزىيەت ئاستىدا بىر ـ بىرلەپ جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش ئىشىغا كەلسەك، بۇنى مۇنۇ بىر جۈملە تەمسىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: « ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن » . مەيلى قانچىلىك داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت، قانچىلىك بازارلىق كەسپتە ئوقۇپ كېتەيلى، ئىزدەنمىسەك، تىرىشمىساق، ئوخشاشلا خىزمەت تېپىش مەسىلىسى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلىپ قالدىمكى، نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر بەزى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقانلار قىلغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدىكەن. شۇڭا فاكۇلتېتىمىزدا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيەسىدە شۇنداق بىر مەسىلە ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، سىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭلارنى پايتەختتىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپلا يۈرمەي، بەلكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، رىقابەت، خىرىس دەۋرىدىكى بىر ئىزدەنگۈچى دەپ بىلىشىڭلار كېرەك. شۇندىلا سىلەرنىڭ خىزمەت تېپىش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئىستىقباللىڭلار بولغان بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**5. مۇشۇ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىڭىزدە قانداق ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىڭىز؟**

*گۈلشات قۇربانجان:* مەندە بار بولغانلىرىنى ئارتۇقچىلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، يەنىلا تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەرنى ھېس قىلدىم: گەرچە كەسپىي جەھەتتە بولسۇن ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن، بىلىدىغىنىم ۋاي دېگۈدەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىلگەننى دادىللىق بىلەن باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتە تەمتىرمەيدىغان جۈرئەت ھازىرلاپتىمەن. يەنە بىرسى، چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە قېرىنداش مىللەت تىللىرىدىن قازاقچىنى ئۆگىنىپ قويغىنىممۇ ئەسقاتتى. خەنزۇچە ئورتاق تىلدا سۆزلەشتە قىينىلىشىم ئاز بولدى. بۇمۇ فاكۇلتېتنىڭ مەكتەپ قوينىدىكى ۋاقتىمدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى دېگەندەك شارائىتلارنى ھازىرلەپ بەرگەنلىكىدىن بولدى ئەلۋەتتە. فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە مەكتەپنىڭ باشقا ئۇيۇشما ـ تەشكىلاتلىرىدا كۆپلەپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەچكە، خىزمەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىش، ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بوپ قالدىم.

*ئىلھامجان يۇنۇس:* ئارتۇقچىلىق دېگەندە، ئۆزۈمنىڭ بۇرۇندىن ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىم ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيالىشىم مەندە مۇئەييەن دەرىجىدە يېزىقچىلىق، نۇتۇق قابىلىيىتى يېتىلدۈردى، بۇ ئەلۋەتتە جاپاكەش، مېھنەتكەش ئۇستازلىرىمنىڭ تۆھپىسى ۋە نەتىجىسى. قىسقىغىنە ئۈچ ئايلىق خىزمەت جەريانىدا يۇقىرى ـ تۆۋەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر دېگەن باھاسىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتىم، شۇ ئارقىلىق رەھبەرلىرىم ۋە

خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئىنچىكە قوللىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرەلىدىم. يېڭى خىزمەتتە ئاساسەن دەم ئېلىش دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ، شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن ھاردىم - تالدىم دېمەي، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنداپ، ياخشى باھالارغا ئېرىشتىم، شۇڭا مەن ئۆزەمدە ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىكتىن ئىبارەت بىر ئارتۇقچىلىقمۇ بار دەپ ئويلايمەن. كەمچىلىكلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، مەندە كەمچىلىك تولا. خىزمەتكە چىققىپلا ھېس قىلغانلىرىمدىن، بەزى ۋاقىتلاردىكى ھەددىدىن زىيادە ئالدىراڭغۇلۇق ۋە زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىش تۈيغۇسى، بەزىبىر رەھبەرلەر ئالدىدا سەل جىددىيلىشىپ قېلىش قاتارلىقلار بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتتىم.

***6. خىزمەت تېپىش نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ « باش قاتما » مەسىلىسىگە ئايلاندى .ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خىزمەت تېپىش شۇنچە قىيىنمۇ؟***

***بۇخەلچەم ئابدۇباقى***: مېنىڭچە بولغاندا تىرىشقان ئادەمگە تەس ئەمەس، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئىمتىھانغا ئۇدۇل كىرىپ كەتمەي، ئاۋۋال يېتەكچىلىك كۇرسلىرىدا ئوقۇسا بۇنىڭ ناھايىتىمۇ بەك پايدىسى بار. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئىمتىھان ھەققىدە تونۇشقا ئىگە بولماي ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى بەك تۆۋەن. بولۇپمۇ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىدا ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان مول بىلىم - قابىلىيەتنى ئەمەس، بەلكى تاكتىكىنى، چەبدەسلىكنى، ئىمتىھان ماھارىتىنى سىنايدىغان سوئاللار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، يالغۇز سوئال ئىشلەپ كىتاب كۆرگەن بىلەنلا بۇنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەتتاكى ماقالە قىسمى سىزنىڭ ئۆتكۈر قەلەم قۇۋۋىتىڭىز، ئىشلەتكەن پاساھەتلىك سۆز جۈملە، ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، نەقىللىرىڭىزنى ئەمەس بەلكى مۇقىم قېلىپقا چۈشۈپ كەتكەن، مۇنتىزىم قۇرۇلمىدىكى ئاددىيلا بىر پارچە يازمىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ قۇرۇلمىنى ۋە شەكىلنى يېتەكچىلىك كۇرسلىرىدا سىزگە ئۆگىتىدۇ. بەزى ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئاخىرقى مەۋسۇم مەخسۇس ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىش دەرسى ئۆتۈپ بېرىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى بىزدىن يۇقىرى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىزنىڭ بىر ئوقۇغۇچىنى مەمۇرلۇق ئىمتاھانىدا سىنايدىغان بولساق ئۇلار بىزدىن ئېنىقلا ئېشىپ كېتىدۇ، سەۋەبى مەكتىۋى ئۇلارنى ئاخىرقى مەۋسۇمدا مەخسۇس ئىمتاھانغا تەربىيەلەيدۇ. شىنجاڭدا ھازىر ھەممە ئوقۇغۇچى كۇرستا ئوقۇيدۇ، بۇ بىر يۇقىرى دولقۇنغا ئايلىنىۋاتىدۇ، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن. شۇڭا بىردىن بىر تەۋسىيەم، ئامال بولسا ئوقۇش پۈتتۈرگىلى بىرەر يىل قالغاندىن باشلاپ يۇرتلارغا قايتىپ مەخسۇس مەمۇرلۇق ھەم ئوقۇتقۇچىلىق ئۈچۈن تەييارلىق كۇرسلاردا ئوقۇڭلار، نەچچە يىللىق تەجرىبىسى بار ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلەيدۇ، پايدىسى بەك كۆپ، ئاندىن مەكتەپتە مەمۇرلۇق ھەم ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتاھانى تەكرار سىنىپى تەسىس قىلىپ ئۆز - ئارا يېتەكچىلىك قىلىشىپ ئۆگەنسەڭلارمۇ بولىدۇ، تەييارلىقسىز قالماڭلار.

***ئابدۇمىجىت ئابدۇللا:*** ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىۋاتقانلارنىڭ سانىغا قارىساقلا خىزمەت تېپىشنىڭ قانچىلىك رىقابەت تەلەپ قىلىدىغىنىنى تولۇق ھېس قىلالايمىز، ئەمما بۇنىڭدىن ۋايىم يەپلا ئۆتۈپ كېتىشمۇ ھەم توغرا ئەمەس، سىزدە ئەگەر باشقىلارنى رىقابەتتە بېسىپ چۈشكىدەك ئىقتىدار بولسا سىز خىزمەتنى ئەمەس، خىزمەت كىلىپ سىزنى تاللايدۇ .ئۆزىڭىزدە زۆرۈر بولغان قابىلىيەتلەرنى ھازىرلاپ بولسىڭىزلا خىزمەتتىن غەم يېيىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

***گۈلشات قۇربانجان:*** خىزمەت تېپىش بەزەن كىشىلەرگە تەس تۇيۇلسا يەنە بەزەن كىشىلەرگە ئاسان تۇيۇلىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئىزدەش جىڭىگە قىلغان تەييارلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا. پۇختا تەييايلىق بولغان كىشىلەر ھەر قانداق

شارائىتتىمۇ تەس تۇيۇلمايدۇ.

***7. ئاخىرىدا فاكۇلتېتىمىزدا ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللارغا دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟***

***بۇخەلچەم ئابدۇباقى:*** ئادەمنىڭ ئوقۇش ھاياتى تولىمۇ گۈزەل ھەم مەنىلىك بولىدىكەن. بۇنى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلىدىكەنمىز، ئانا مەكتىپىمىزنىڭ ھەر بىر ئەسلىمىسىنى كۆزلىرىمىزنى ياشلاپ تۇرۇپ ئەسكە ئالىدىكەنمىز، گۈزەل كۈنلىرىمىزگە شاتلانساق، ئەكسىچە بىھۇدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزگە ئىچ ـ ئىچىمىزدىن ئۆكۈنىدىكەنمىز، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئىنى ـ سىڭىللىرىمغا دەيدىغان يۈرەك سۆزلىرىم:

1. كەسىپنى چىن دىلىدىن سۆيگەن، ئاشۇ كەسىپ ئۈچۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىشنى نىيەت قىلغانلار ئامال بار يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇڭلار.

2. قايتىپ كېلىپ ئۆز يولۇمنى تاپىمەن دەيدىغانلار كەسىپنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە خەنزۇ تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار، بولمىسا جان باقماق تەسكە توختايدۇ.

3. مەكتەپتىكى بىلىم مۇھىتىنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار بىلەن، ياتاقداش، ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن كەسىپ ھەققىدە، جەمئىيەت ھەققىدە، ئىلىم ھەققىدە پىكىرلىشىڭلار، مۇلاھىزە، مۇنازىرە قىلىڭلار، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنداق پۇرسەت كۆپ بولمايدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىدىيەسى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن مەكتەپتىكىدەك ئىلىم پۇراپ تۇرىدىغان مۇھىتقا بۇ يەردە ئېرىشكىلى بولمايدىكەن.

4. بېيجىڭنىڭ ھەر بىر ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپايىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇشقا تىرىشىڭلار.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپتىكى ھەر بىر قەدىمىڭلاردىن گۈل ئۈندۈرۈپ مېڭىڭلار.

ئىلھامجان يۇنۇس: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللىرىم، سىلەر ئەڭ ئاۋال ئەنە شۇنداق بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىڭلارنى ھەر ۋاقىت قەدىرلەپ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەپ تىرىشىپ ئوقۇڭلار. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئوقۇش ھاياتىڭلارغا ئېچىنىدىغان ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىدىغان تۇيغۇسى بىلەن نەزەر سالىدىغان بىر كەيپىيات ھازىرلاش ئۈچۈن تىرىشىڭلار. ئۆزۈن گەپنى قىسقارتىپ ئېيتساق، ئەڭ ئاۋال ئۆزۈڭلارغا، ئۇندىن قالسا جەمئىيەتكە يۈز كېلەلەيدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىڭلار. مەن يەنە شۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدىمكى، ياشلىق گۈزەل ئىكەن، ئەنە شۇ باھار پەسلىدەك ئىللىق، گۈزەل، نەۋقىران، جىلۋىگەر دەۋرنىڭ ئىچىدە ئوقۇش ھاياتى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە چىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا تويۇنغان بىر مەۋسۇم ئىكەن. ئاخىرىدا ھەممىڭلارنىڭ تېنىڭگە سالامەتلىك، ئوقۇشۇڭلارغا ئۇتۇق، بارلىق ئىشلىرىڭلارغا بەرىكەت تىلەيمەن.

***ئۆمەرجان ئىسمايىل:*** يۈرەك سۆزلىرىم جىق. سىلەر مەكتەپتىكى چېغىڭلاردا سىنىپقا كۆپرەك كىرىۋېلىڭلار. ئۇستازلارنىڭ ئۆگۈتلىرىنى جىقراق ئاڭلىۋېلىڭلار. ياتاقنىڭ مېھرىگە تازا قېنىۋېلىڭلار. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئەسلىگۈدەك ئەسلىمىمىز ئاز بولۇپ قالىدۇ. بولسا بېيجىڭنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىڭلار، رەسىمگە جىق چۈشۈڭلار، ھەر بىر كۆرسەڭلار «ئاھ مەكتەپ ھاياتى» دەپ تاتلىق ھېسلارغا چۆمىسىلەر.

ھەممىمىز ئەدەبىيات كەسپىنىڭ باللىرى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەدەبىي ئەسەر يازالمىساق نېمىشقا بۇ كەسپتە ئوقۇيمىز. ئەسەر يېزىپ ئېلان قىلمىساق بۇنى نېمە دەيمىز. سىلەرنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئاكا ـ ئاچىلىرىڭلار بار، ئۇلار سىلەرنى قوللايدۇ.

ئاخىرىدا بىر مۆھتىرەم ئۇستازغا ـــ ئابدۇرەئوپ مۇئەللىمگە سالام ئېيتىۋالاي. سىز فاكۇلتېتىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئۇستاز. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر جامائەت ئەربابى، بىباھا ئالىمىمىز.

ئاق باشلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، لېكىن سىزنىڭ بېشىڭىزدىكى ھەر بىر تال ئاق چاچ خەلقىمىز ئىلمگەرلىكىدە ھەر بىر تۇپ « كۆچەت » كە سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزنىڭ شاھىدى. بىز 2006 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ھاياتىمىزدا سىزنى سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ئىلكىدە ئەسلەپ تۇرىمىز. توغراق يېشىدا ياشاڭ.

***گۈلشات قۇربانجان:*** سۆيۈملۈك ئىنى - سىڭىللىرىم، يۇرەك سۆزۈم ئورنىدا سىلەرگە ئۈچ كىچىككىنە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغۇم بار، شۇلارنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ باقساڭلار:

بىرىنچىسى، بىلگەننى يۇرەكلىك سۆزلەڭلار، جۈرئەتلىك بولۇڭلار.

ئىككىنچىسى، فاكۇلتېتنىڭ ئويۇشتۇرغان مۇسابىقىلىرىنى قولدىن بەرمەڭلار، ھەر قانداق پائالىيەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىڭلار.

ئۈچىنچىسى، ئىمتىھان بولسا قاتنىشىپ قويۇڭلار، ئۆتەلمىسەڭلار تەييارلىق قىلىپ يەنە قاتنىشىڭلار. ئامال بار ئېلىشقا تېگىشلىك گۇۋاھنامىلەرنى (چەتئەل تىلى دەرىجە ئىمتىھانى گۇۋاھنامىسى، HSK يۇقىرى دەرىجە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى كېنىشكىسى، كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانى گۇۋاھنامىسى، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلار) ئېلىشقا تىرىشىڭلار. چۈنكى بۇ گۇۋاھنامىلەر ئوقۇغۇچىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ۋە كەسكىن رىقابەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىنى تاللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىر ياخشى قورال.

تۆتىنچىسى، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەتلىك بەرسەڭلار، مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىدا بىرىنچىلىكنى ياكى ئىككىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە غەيرەت قىلساڭلار (بۇ مېنىڭلا ئەمەس، مەكتەپ پۈتتۈرگەن بارلىق ئاكا - ئاچىلار ئەمەلگە ئاشۇرالماي ھەسرەتتە قالغان ۋە سىلەردىن زور ئۈمىدلەر بىلەن كۈتىۋاتقان چوڭ ئىش).

ئاخىرىدا بارلىق ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىشىگە ئۇتۇق تىلەيمەن!

ئابدۇمىجىت ئابدۇللا: سۆيۈملۈك ئىنى - سىڭىللىرىم، يۇرەك سۆزۈم ئورنىدا سىلەرگە ئۈچ كىچىككىنە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغۇم بار، شۇلارنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ باقساڭلار:

بىرىنچىسى، ئامال قىلىپ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك قاتنىشىپ بەرسەڭلار (مەسىلەن小桶杯 دېگەندەك).

ئىككىنچىسى، ھازىر ھەممىڭلاردا كومپيۇتېر بار، بولسا كومپيۇتېردىن كىنو كۆرۈش ياكى ئويۇن ئويناشتا ئەمەس، ماقالە يېزىشتا ياكى ئىلمىي ماقالىلەرنى، ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئىزدەش قاتارلىق ئىشلاردا كۆپرەك پايدىلانساڭلار.

ئاخىرىدا بارلىق ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىشىگە ئۇتۇق تىلەيمەن!

سۆھبىتىمىز مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى، بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىز ساۋاقداشلىرىمىزغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرەلىسە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ئاز - تولا ياردىمى بولسا قىلغان ئەمگىكىمىزدىن ئالەمچە خۇشال بولغان بولاتتۇق. سەھىمىيىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلالمىدۇق. مۇمكىن بولسا كېيىنكى ساندا تېخىمۇ نادىر سۆھبەت خاتىرىلىرىنىڭ ساۋاقداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئاخىرىدا بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغان، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئاكا - ھەدىلىرىمىزگە تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەكداشمىز. رەھمەت سىلەرگە!

**مۇھەررىرى: مەريەمگۈل تۇرسۇن (2007)**
**كوررېكتورى: ماھىرەم تۇرسۇنتوختى (2007)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ھەي، مۇھەببەت دېگەن...

(ھېكايە)

ئۇرايىمجان ساۋۇت (2011)

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر يانغا باشلايدۇ.
سەمەرقەنتنىڭ ئالمىسىدەك،
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.
- خەلق قوشىقى

بۈگۈنكى دەرسلەر مۇراتنى پەقەتلا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمىدى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈن. يەنى مەدىنە بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىگە بىر يىل بولغان خاتىرە كۈنى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەس - يادى بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشتە قالدى. « ... ھە... ئالدى بىلەن ‹ئامانىنساخان رېستورانى› غا بېرىپ ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىر ۋاخ تاماق يېسەك، ئاندىن تاماق سىڭدۈرگەچ رومانتىك ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە كوچا ئايلانساق... ياق، ياق! كىنو كۆرۈپ كېلىش كېرەك. شۇنداق بولسا تېخىمۇ رومانتىك بولىدۇ. يەنە... » تېلېفوننىڭ ئەنسىز تىترىشى ئۇنىڭ خىيالىنى چالغۇتىۋەتتى. ئۇ ئالدىراپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئەسلىي مەدىنە ئۈچۈر يوللىغان بولۇپ، ئۈچۈر « كەچتە كونا جايدا ساقلايمەن » دەپ قىسقىلا يېزىلغانىدى.

مۇرات ۋاقىتنىڭ توشۇشىنى، شېرىن پەيتلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ قول سائىتىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. ئاخىرى دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى، يەنى كەپىسىز باللارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا « جەننەتتىن كەلگەن سادا » چېلىندى. تاقەتسىزلەنگەن مۇرات سىنىپتىن توپتەك قاڭقىغان پېتى چىقىپ، ئۇدۇل ياتاققا قاراپ چاپتى.

مۇرات ياتاققا كىرىپلا ئالدىراش تەييارلىقنى باشلىۋەتتى. ئاۋال چاچلىرىنى يۇيدى، ساقال - بۇرۇتىنى ئالدى. ئاندىن كىيىم ئىشكابىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۆتكەن ھەپتە ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يېنىدىكى كىيىم - كېچەك بازىرىدىن قىممەت باھادا سېتىۋالغان كىيىملەر بىلەن ئۆزىنى باشتىن - ئاياغ يېڭىلىدى. ئاخىرىدا ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى قايتا - قايتا « كارانتىن » دىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەينەككە قاراپ مىيىقىدە كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قىزىق يېرى شۇكى، مۇشۇنداق خۇشال كۈندىمۇ ئۇنىڭ ئوڭ قاپىقى تارتىپلا تۇراتتى (چوڭلارنىڭ دېيىشىچە ئوغۇل بالىنىڭ ئوڭ قاپىقى تارتسا پېشكەلچىلىك بولارمىش). بىراق، مۇرات بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. خۇشاللىقىدا « كونا جاي » غا بالدۇرلا يېتىپ كەلدى.

مەكتەپ مۇراسىم زالىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىنالار شالاڭ بولۇپ، چوڭ يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقى ياپيېشىل چىملىق. چىملىق ئۈستىگە ھەر خىل شەكىلدىكى رەڭگارەڭ تاشلارنى ئەگرى ـ بۇگرى شەكىلدە ياتقۇزۇپ سۇنئىي چىغىر يوللار ياسالغان. چىغىر يوللارنىڭ بويلىرىغا قارىغاي، ئاكاتسىيە قاتارلىق مەنزىرە دەرەخلەر تىكىلگەن. دەرەخلەرنىڭ ئۇچى يەرگە ساڭگىلىغان، قويۇق شاخلىرى ئاستىغا ياغاچ، تاشلاردىن ياسالغان ھەرخىل شەكىلدىكى ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ ھەم سالقىن، ھەم خىلۋەت. يىراقتىن قارىغىنىڭىزدا قارىغايلار خۇددى غايەت چوڭ يېشىل كۇنلۇككە ئوخشاش ئورۇندۇقلارنى قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ جاي ئۆزىنىڭ خىلۋەت، رومانتىك ۋە پاراڭلىشىشقا ئەپلىكلىكى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئاشىق مەشۇقلارنىڭ «كونا جايى» غا ئايلانغان. مۇراتلارنىڭ «كونا جاي» ىمۇ ئاشۇ قارىغايزارلىقلارنىڭ چەترەك تەرىپىدىكى چوڭ بىر قارىغاي ئاستىغا جايلاشقان يېشىل ئورۇندۇق ئىدى.

شۇئەسنادا قارىغايلىقلار ئارىسىدىن مەدىنەنىڭ زىلۋا گەۋدىسى كۆرۈندى. بىراق، ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلمىغان بولۇپ، ئادەتتىكىچىلا كۆرۈنەتتى. قىز كېلىپ بوش ئاۋازدا سالام قىلدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مۇرات قىزنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا قارىغىنىچە «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!» دېدى. ئازغىنە سۈكۈتتىن كېيىن مۇرات سۆز ئاچتى:

- مەدىنە، بۈگۈن «ئامانىساخان رېستورانى» غا بېرىپ تاماق يەپ كېلەمدۇق؟

- بىراق... مېنىڭ بارغۇم يوق، مۇرات!

- نېمىشقا؟ يېقىندىن بۇيان بىر قىسىملا كۆرۈنىسىز، سىزگە زادى نېمە بولدى؟

مەدىنە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا مۇراتقا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، ـ مۇرات، مەن سىزگە بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم، ـ دېدى.

- قېنى دەۋېرىڭ، ـ دېدى مۇرات تاقەتسىزلىنىپ.

مەدىنە ئازغىنە سۈكۈتتىن كېيىن سۆزلىدى: ـ مۇرات، مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاشتىم. بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

- نېمە؟...، ـ مۇرات بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك چۆچۈپ كەتتى، ـ نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز، مەدىنە؟ نېمە ئۈچۈن؟

- بىز بىر ـ بىرىمىزگە ماس كەلمەيدىكەنمىز.

- ياق، بۇ راست گېپىڭىز ئەمەس. زادى نېمە بولدى؟

- مەن...مەن...، ـ دېدى قىز دۇدۇقلىغىنىچە، ـ مېنى كەچۈرۈڭ، مۇرات. مېنىڭ كۆڭلۈمدە باشقا بىرسى...، ـ قىز گېپىنى تۈگەتمەيلا ماڭماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. شۇ ئەسنادا مۇرات قىزنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇپ:

- نېمە؟ ئەمسە مېنچۇ؟ قېنى دەڭە، سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

- ...يا...ياق...، ـ دېدى قىز دۇدۇقلاپ.

- ئەمسە، بىزنىڭ بىر يىللىق مۇھەببىتىمىز نېمىگە ھېساپ؟

- ئۇ چاغدا سىز بەك كەينىمگە كىرۋالغاچقا «ياق» دېيەلمىگەنتىم. بىراق، مېنى شۇنچە ياخشى كۆرگىنىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن.

- ئېسىت، سىزگە قىلغان ئەقىدەم! ئەجەبا، سىز مېنىڭ قەلبىمنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ مەن تېخى مۇھەببىتىمىزنى پەرھاد ـ شېرىنلەرنىڭ مۇھەببىتىدەك چىن مۇھەببەت دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

- پەرھاد ـ شېرىنلەرنىڭكىدەك چىن مۇھەببەت؟ پەرھاد ـ شېرىنلەرنىڭكىدەك چىن مۇھەببەت ئۇلار بىلەن تەڭ قەبرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن مۇرات! سىز ھىندىستاننىڭ مۇھەببەت كىنولىرىنى بەك كۆپ كۆرۈۋېتىپسىز...

ئەمدى مۇرات ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى ـ دە، مەدىنەنى «چاڭگىدە» بىر تەستەك سالدى. قىز يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان مۇرات مەدىنەنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازا قاراپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغدا پۈتىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىغىنىنى سەزدى ـ دە، قەدىناس ئورۇنىدۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ خىياللار قوينىغا شۇڭغۇدى:

مۇرات ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆز ئارزۇسى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ئالىي مەكتەپ دېگەن باشقا بىر دۇنيا ـ دە. گۈزەل، رومانتىك تۇيغۇلارغا تولغان ئالىي مەكتەپ ھاياتى، زامانىۋىلاشقان پايتەخت تۇرمۇشى بۇ سەھرا يىگىتىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇراتنىڭ سەبىي قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ھېسلىرىنى ئويغاتتى. ھەئە، ساۋاقدىشى مەدىنە گۈزەل ھۆسن ـ جامالى، خۇشچاقچاق مىجەزى، قىزلارغا خاس ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

ئۇ بۇرۇن كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن، ئۆز مەھبۇبىنىڭ جامالىغا ئاشىقىي ـ بىقارار بولغان ئاشىق يىگىتلەرنى «دۇنيادا ئاشىقتىن ئۆتە ساراڭ يوق» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. كىم بىلسۇن، پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ ئەمدىلىكتە ئۆزىمۇ شۇنداق «ساراڭ» لاردىن بولۇپ قالدى. ئۇنداق دېگەن بىلەن بىزنىڭ مۇراتمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۆگىنىش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا، ھەر خىل پائالىيەتلەردىمۇ ئاكتىپ، ئەخلاقلىق يىگىت بولۇپ سىنىپتىكى يىگىتلەرنىڭ ئالدى ھېسابلىناتتى. لېكىن، مەدىنەمۇ چىرايلىق، شوخ، ئەخلاقلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلىك «مەدەنىي قىز» بولغاچقا ئۇنىڭغا چىش بىلەپ تۇرغانلارمۇ كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ مۇرات تەجرىبىلىك دوستلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يېقىن دوستى ئۆمەرنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي مەدىنەگە ئۇدا ئۈچ قېتىم تەلەپ قويۇپ يۈرۈپ ئاخىرقى ھېسابتا بۇ سىنىپ گۈلىنى ئۈزگەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك شېرىن ھاياتى باشلاندى.

بايرام، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنى تاپقىلى بولمايتى. چۈنكى، بۇچاغلاردا ئىككىسى باغچىلارغا بېرىش، بازار ئارىلاش، كىنوغا بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. باشقا چاغلاردىمۇ بىللە تاماق يەيتى، بىللە ئۆگىنىش قىلاتتى. كەچلىرى بولسا «كونا جاي» دا تۈگىمەس پاراڭلارغا بەند بولاتتى. مۇرات ئۆزىنىڭ كىچىك چاغلاردىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىنى زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلەپ مەدىنەنى كۈلدۈرەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ ئۆزىگە خۇشاللىق تاپاتتى، ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسىمۇ رازى بولاتتى. ھەتتاكى، مەدىنە ئىچىدىغان قايناق سۇنىمۇ ئالايتەن ئۆزى ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بولسا مەدىنە مەمنۇنلىقىنى ئىپادىلەپ سۇس تەبەسسۇم قىلىش بىلەن كۇپايىلىنەتتى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى.

بىراق، مۇرات بۇ جەرياندا مۇھەببەت ئۈچۈن كۆپ بەدەللەرنى تۆلىدى. نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىنى مەدىنە بىلەن بىللە يۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئاتا ـ ئانىسى مىڭ بىر جاپادا ئەۋەتكەن پۇلنى مەدىنەنى ئوينىتىشقا، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشكە سەرپ قىلدى. ئەڭ مۇھىمى دەرس ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىنى مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە سەرپ قىلدى. نەتىجىدە ئۆگىنىشتە چېكىنىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇئەللىمدىن تەنقىدمۇ ئاڭلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مەدىنەگە بولغان مۇھەببىتى ئاشسا ئاشتىكى، قىلچىلىك كېمەيمىدى. لېكىن، ئاخىرى بىرىپ بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىدى دەيسىز...

مۇرات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا قارىدى. دەل بۈگۈنكىدەك كېچىدە ئۇلار تولۇن ئايغا قاراپ «مەڭگۈ ئايرىلماي، بىر ـ بىرىمىزگە سادىق بولىمىز!» دەپ قەسەم قىلىشقان ئىدى. مۇرات ئىتتىك يېنىغا قارىدى. بىراق، يېنىدا مەدىنە كۆرۈنمەيتى. ھەئە، ئۇ كەتتى. يۈرىكى تۇنجى مۇھەببەتتىن تېخى تۈزۈك سۇ ئىچمىگەن ساددا يىگىتنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئۇ ئەڭ يېقىن دوستى ئۆمەرنىڭ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ: «ئاداش، مۇھەببەت گويا بىر تىكەنلىك ئەتىرگۈلدۇر. سەن بۇ گۈلنى ئۈزمەك بولىۋاتىسەن. خەير، ئېھتىيات

قىلغىن ! مۇھەببەتنىڭ نەشتەر كەبى تىكەنلىرى قولۇڭغا، ياق، يۈرىكىڭگە سانجىلىپ كەتمىسۇن! » دېگەندە « سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ » دەپ ئۆمەرگە قاتتىق تەگكەنلىكىنى ئويلاپ تولىمۇ ئۆكۈندى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ دانىش سۆيەت دوستىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتقانلىقىنى بىلدى. مانا ھازىر ئۇ تىكەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ، يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆرتىمەكتە ئىدى.

مۇرات مەدىنەنىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك سېزەتتى. ئۇ « كونا جاي » غا ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدى. بۇ جاي ئۇنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلىرىنىڭ شاھىدى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ جاي ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ قەدەر سوغۇق كۆرۈندى.

ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي ـ بىلمەي غەربىي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مەكتەپنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بىر كوچىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ كەچقۇرۇنلىرى تولىمۇ قىزىپ كېتەتتى. پىيادىلەر يوللىرىغىمۇ يايما يېيىلغانلىقتىن يوللار قىستا ـ قىستاڭ ئىدى. مۇراتمۇ بۇ قىستاڭچىلىقلار ئىچىدە ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. كېتىۋېتىپ بىر مەيخانىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە،بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئەرشىدىن تەڭلىگەن ھاراقنى ئىچمىگەندە ئەرشىدىنىنىڭ خاپا بولۇپ: « ئاداش ھاراق دېگەننى ئوغۇل بالا ئىچىدۇ. بۇنى ئىچسەڭ ھەممە دەرتلىرىڭنى ئۇنتۇپ كېتىسەن. » دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرتلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش مەقسىتىدە ئالدىدىكى مەيخانىغا، توغرىسى « ھالاكەتخانا » غا كىرىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، ھىجران ئازابىدا ئەقلىنى يوقاتقان بۇ بىچارە بايقۇش شۇ تاپتا بۇيەرگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ « ھايۋان » غا ئايلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

# لوتۇننى ئەسلەپ

**(ئوت يۈرەك شائىر ل.مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)**

**سەردار ئۆمەر (2011)**

قەلبىڭدە يالقۇنلاپ كۆيگەچكە بىر ئوت،
ئەل ئۈچۈن تەسەددۇق ئەيلىدىڭ جاننى.
« قاينام ئۆركىشى » بۇيۇكلۇك شاھى،
يۈرەكلەر لەرزىدە ئەسلىدۇق سېنى.

شۇنداق بىر ئوغلانىڭ ئەل بەختى ئۈچۈن،
جاھالەت دەۋرىدە قايىنىغان ـ تاشقان.
دىلىدا جاراڭلاپ ئادالەت مارشى،
بۇ يولدا قانچىلاپ « داۋانلار ئاشقان » .

يىگىرمە ئۈچ يېشىڭدا ياققانىڭ بىر ئوت،
ئۆزۈڭنىڭ قەلبىگە ئەۋلاد قەلبىگە.
نىھايەت توقسان يىل ئۆتسىمۇ گەرچە،
بۇ ئوتلار ھېلىھەم كۆۋەجىمەكتە.

سېغىنىش ئىلكىدە كەلدىم قەبرەڭگە،
ئەسسالام يۈرەكتىن لوتپۇللاھ ئاكا.
كەلمەكتە ئىزىڭدىن تۈمەن لۇتۇنلار،
ئىجادىڭ تۇلپارى بولمايدۇ ناكا.

قايىنىمىڭ مىسالى ئىلى ۋە تارىم،
ئىزىڭ بار شۇ يولدا پىدادۇر جانىم.
ئۈچقۇنىڭ ئۆچمەستىن بولسا گەر يانغىن،
يانغىنىغا ھەمنەپەس سوقار يۈرىكىم.

**مۇھەررىر : ھەبىبە قۇربان (2009)**

**كوررېكتورى: ئايجامال ئېزىز (2011)**



# ھەسرەت

(ھېكايە)

ئەكبەرجان ئابدۇرەھىم (2011)

ياز كېلىشى بىلەنلا تىنجىق ئىسسىق بولۇپ كەتكەن بۇ شەھەر بوغۇنمۇ بۆلەكچىلا تىنجىق ئىدى. ئەمما نەچچە كۈندىن بېرى خۇددى زېمىننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك يېنىپ تۇرىدىغان قۇياش بۈگۈن ئېرىنچەكلىك بىلەن قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن گاھ مارىلاپ، گاھ يوقاپ كېتەتتى. بۇلۇتلۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئەتىگەنلىك ناشتىنى ياخشى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى ئاخشام كۆرگەن چۈشى سەۋەبلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر بۈگۈن زۇلقەرنىڭ كۆڭلى باشقىچىلا يېرىم ئىدى. نىمە ئۈچۈندۇر ھازىرمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاخشام كۆرگەن چۈشىدىكىدەك ئانىسى ئۇنى چاقىرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن سىنىپقا كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. سىنىپ تولىمۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىدى، كىملەردۇر چاقچاق قىلىشاتتى، نىملەرنىدۇر سورايتتى، يەنە بەزىلىرى ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماستىن كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. زۇلقەرنى گۈلنارنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى چۆچۈتۈۋەتتى. گەرچە بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىملىق ئاڭلانسىمۇ، ئەمما ئۇ بۈگۈن نەچچە ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنچىۋالا ئېرەنشىپ كەتمىدى.

ـ زۇلقەر،بىر نېمە بولمىغانسىز؟ مىجەزىڭىز يوقما؟

قاپقارا قوي كۆز، ئاق پىشماق، بۇدرە چاچلىق بۇ ئېگىز بويلۇق قىز ئۇنىڭ مەشۇقى ئىدى. ئۇ بۇ مەشۇقىغا قانچىلىك ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، ئەمما بۈگۈن بۇ گۈزەل سەنەمنىڭ كۆزلىرىدىكى سېھىرلىك بېقىشلار، ئاناردەك يۈزىدىكى تەبەسسۇملار ئۇنىڭ مەيۈس كۆڭلىنى يورىتىۋېتەلمىدى. زۇلقەرنىڭ كۆز ئالدىغا تۇيۇقسىز ئىككىسىنىڭ تونۇشقان ۋاقتىدىكى ئىشلار كەلدى. شۇنداق، ئۇ ئىككىسى تۇنجى قېتىم مۇشۇ سىنىپتا ئۇچراشقان ئىدى، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە يوشۇرۇن ئاشىق بولغانىدى. دائىم بىر ـ بىرىگە ئوغرىلىقچە قارايتتى، ناگاندا كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالسا ئىككىلىسى ئوت بولۇپ يېنىپ دەرھال يەرگە قارىۋالاتتى. كۈنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ، زۇلقەرنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قويۇشى بىلەن ئىككىسى مۇھەببەت دېڭىزىغا بىرلىكتە شۇڭغۇدى. ئۇلار ھەممىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. دائىم بىللە يۈرەتتى، ساياھەت ئورۇنلىرى، ھەر خىل ئوينايدىغان جايلاردىن ئۇلارنىڭ بارمىغىنى يوق ئىدى. ھەر قېتىملىق ھېيىت ـ بايراملارنىغۇ دېمەيلا قويايلى... يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى زۇلقەر بۇ گۈزەل نازىنىن بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن باشلاپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئاددىيسى ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ چوڭ شەھەرگە كېلىپ يالغۇزسىراپ قالغاندا تۇنجى بولۇپ ياتاقتا تونۇشقان قەدىناس دوستى ئادىلنىمۇ ئۇنتۇپلا كەتتى، ئۇنى ئىزدەش تۈگۈل كارىمۇ بولمايتتى. بىر نەچچە قېتىم ئادىل ئۇنى چاقىرىپ گەپلەشكەندىمۇ سۆھبەت بىردەمدىلا ئۈزۈلۈپ زۇلقەر سىرتقا قاراپ ماڭاتتى. ئادىل ئۇنىڭغا گەپ قىلغانمۇ بولدى، ئەمما زۇلقەرنىڭ قوپال سىلكىشى بىلەن ئۇمۇ جىمىپ كەتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىزدىمەس بولۇۋالغانىدى. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ئاپىسى يىغلامسىراپ تېلېغۇن قىلمىغۇچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيگە تېلېفون قىلمىغىنىغا نەچچە ھەپتە بولۇپ كەتكىنىمۇ بىلمەيتتى. تېخى ئالدىنقى ھەپتىدىلا ئۇ گۈلنار بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا تازا قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئاپىسى تېلېغون قىلغانىدى.

ـ جېنىم بالام، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ تېلېفون قىلايمۇ دېمەيسەن، سېنى كۆرگۈم كېلىپ...

ـ ئانا، مەن سەل ئالدىراش، كېيىن تېلېفون قىلاي، ـ دېگەن قوپال ئاۋاز بىلەن تەڭ ئانىنىڭ زەئىپ ئاۋازى قاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى. ئوڭايسىزلىنىپ قالغان گۈلنار ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغانمۇ بولدى، بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ شېرىن پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى. قاراڭغۇ كېچىدە يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىپ مۇھەببەت قاينىمىغا شۇڭغۇغان بۇ سادda يىگىت ئەنە شۇ كۈنى ئانىسىنىڭ بىر كىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىققىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئانىسىنىڭ پەرزەنت ئۈتىدا پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ مېھرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بولسا ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ھەم قىلىپمۇ قويمايتتى. پەقەت ھەر ئايدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بانكا كارتىسىغا ئۇرۇلۇپ قالىدىغان پۇللارنى، پات ـ پاتلا ئۆيدىن كېلىپ تۇرىدىغان يەل ـ يېمىشلەرنى كۆرگەندىلا ئۆيدىكىلىرىنى ئاندا ـ ساندا ئەسلەپ قالاتتى. ئەمما زۇلقەر تېلېفون قىلمىغان، تېلېفوننى قويىۋەتكەن چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرى بالىمىز چوڭ شەھەردە كاتتا مەكتەپتە ئوقۇغاچقا ئۆگىنىشى ئالدىراش بولسا كېرەك دەپ ئۆزىنى بەزلەپ، بۇ ئەتىۋارلىق ئوغلىنى بەك كۆرگۈسى كەلگەندىلا ئىزدەيتتى.

زۇلقەر مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ تازا بەختلىك كۈنلەرنى كەچۈرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر گۈزەل ئاخشىمى بولغان تۇنۇگۈن كەچ ئۇنى قارا باستى. چۈشىدە قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى، قارا بوراندا ئۇ كۆز ئالدىدىكى جاينىڭ ئۇ كىچىككىدىن ئويناپ چوڭ بولغان گۈزەل سەھرا ئىكەنلىكىنى ئارانلا پەرق ئېتەلىدى. ئەمما بۇ خىلۋەت سەھرا بۇرۇنقىدەك ئەمەس، تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. ئۇ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئېغىر قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئۇدۇل تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ نېمىلەرنىدۇر توۋلىغان ئاۋازى كەلدى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. زۇلقەر بۇ ئاۋازنى ئاخىر ئېنىق ئاڭلىدى: « زۇلقەر، جېنىم بالام، نەدە سەن؟ سېنى بىر كۆرەي، ئاۋازىڭنى ئاڭلاي، بۇ ياققا چىققىن بالام... بالام، سەن نەدە؟... » ئانا شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرەيتتى، ئارقىدىن كىملەردۇر قوغلاۋاتاتتى. توۋا، قوغلاۋاتقىنى زۇلقەرنىڭ چوڭ دادىسى توختى ئەپەندى، چوڭ ئانىسى رىزۋان خانىم ئەمەسمۇ... زۇلقەر ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ــ يۇ، قەدەم ئالالمىدى، تۇتۇلۇپ قالغان ئانا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم: « جېنىم ئوغلۇم » دېگىنىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆرەپ ـ تارتىشلىرى بىلەن ئاپئاق نۇر ئىچىدە غايىب بولدى...

ئەتىگەندىن بېرى زۇلقەرنى بىئارام قىلىۋاتقىنى دەل مۇشۇ چۈش ئىدى. ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋاتقىنى ئۇ بىر قانچە قېتىم ئۆيىگە تېلېفون قىلدى، ئەمما ھېچكىم ئالمىدى. ئۆيدىكىلىرى ئېتىز ـ ئېرىققا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچ بولمىسا ھەدىسى بولسىمۇ يان تېلېفوننى ئالسا بولاتتى. باشقا چاغدا تولا تېلېفون قىلىپ زۇلقەرنى بىزار قىلىدىغان ئۆيدىكىلىرى مانا ئەمدى ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

زۇلقەر خىياللار قوينىدىن قايتىپ چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. دەرس ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولغانىدى. يېنىدا دەرس ئاڭلىغاچ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زۇلقەرگە قاراپ تۇرغان گۈلنارنى كۆرگەن زۇلقەر ئۇنىڭغا قاراپ سوغوققىنا كۈلۈپ قويۇپ، بولغان ئىشنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى. دەرس كۆڭۈلسىزلا ئاخىرلاشتى. گەرچە زۇلقەرنىڭ تاماققا ئىشتىھاسى بولمىسىمۇ، ئەمما گۈلنۇرنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىللە تاماق يېدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ دەرھال ياتاققا قايتىپ كىرىپ ئۆيدىكىلىرىگە تېلېفون بېرىشكە باشلىدى، ئەمما ئۆلگۈر تېلېفوندىن « كەچۈرۈڭ، سىز چاقىرغان ئابونت تېلېفوننى ئالمىدى، سەل تۇرۇپ قايتا ئۇرۇڭ » دېگەن سادادىن باشقا ئاۋاز كەلمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. ناتونۇشلا نومۇرنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى قارتىدە قىلىپ قالغان زۇلقەر تېلېفوننى ئاستا قۇلىقىغا ياقتى.

ـ بالام، بۇ مەن، داداڭ، جېنىم بالام، دەرھال رۇخسەت سوراپ ئۆيگە بىر كەلگىن، بىر مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى... ـ زۇلقەرنىڭ دادىسى نېمە ئۈچۈندۇر كېيىنكى سۆزلىرىنى دېيەلمىدى.

ـ دادا، دادا، نېمە ئىش بولدى، ماڭا دەپ بېرىڭچۇ؟! مېنى قورقۇتماڭ دادا، ئانامغا بىر ئىش بولمىغاندۇر، نېمە ئىش بولدى دادا؟ ـ دېدى زۇلقەر يىغلامسىرىغان ھالدا.

ـ جېنىم بالام، ئانىسىز قالدىڭ ... ـ تېلېفوندىن باشتا يىغلىغان ئاۋازلار كەلدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھېچ سادا كەلمىدى. توساتتىنلا يۈز بەرگەن بۇ ئىش خۇددى تۇيۇقسىز چىققان قارا بوراندەك زۇلقەرنى ئۇچۇرۇپ ھەسرەت چۆللىرىگە تاشلاپ، نادامەت ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈۋاتاتتى. يۈزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىغان زۇلقەر « ئانا، جېنىم ئانا! مېنى تاشلاپ كەتمە، ئانا... » دەپ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلانغىنىچە ھازا ئېچىشقا باشلىدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تېلېفوننىڭ تىنىمسىز سايرىغىنىمۇ ئاڭلىمىدى. باياتىندىن بېرى زۇلقەرگە قاراپ ئەنسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادىل ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئالدى:

ـ ۋەي، گۈلنارمۇ سىز؟ زۇلقەر ئۇ... زۇلقەرنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەن ئوخشايدۇ... دەرھال ئۇنىڭغا ئايروپىلان بېلىتى ھەل قىلايلى...

ئەسلىدە زۇلقەرنىڭ ھەدىسى بۇ خەۋەرنى ئۇكىسىغا قانداق دېيىشنى بىلمەي، چۈشتە ئادىلغا ئۇچۇر يازغانىدى. ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي، قانداق قىلىپ بۇ ئىشنى زۇلقەرگە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغان ئادىل زۇلقەرنىڭ يىغلاشلىرى، ھازىلىرىدىن ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەنىدى.

زۇلقەر ئايروپىلان ئارقىلىق تېزلا يۇرتىغا قايتتى. ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى. ھويلا ئالدىدا دائىم ئۇنىڭغا كەڭرى قۇچاق ئېچىپ ئۇنى قارشى ئالىدىغان مېھرىبان ئانىسى يوق ئىدى. بۇرۇن شۇنچە ئىللىق كۆرۈنىدىغان بۇ قورۇ بۈگۈن باشقىچە مۇزدەك تەلەتتە بىلەن زۇلقەرنى كۈتۈۋالغانىدى. زۇلقەر دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى، ھويلىدىكى كارىۋاتتا بېلىگە ئاق پوتا باغلىغان دادا تولىمۇ غەمكىن ئولتۇراتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. دادىسى ئۇنىڭغا پوتا باغلاپ، ئۇنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلدى. دادىسىنىڭ مۇڭلۇق قىرائەتلىرىدىن كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولغان زۇلقەر قەبرىنى قۇچاقلاپ ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ـ جېنىم ئانا، مەندەك ۋاپاسىز ئوغلۇڭنى كەچۈر، قەدرىڭنى بىلمەپتىمەن ئەمدى سەنسىز قانداق قىلاي ئانا، ئەمدى كىمنى « ئانا » دەپ توۋلايمەن، ئانا! ئەمدى ھەر تەتىل قايتىپ كەلسەم مېنى كىم سەندەك باغرىغا باسىدۇ ئانا، جېنىم ئانا؟!...

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھويلا ئالدىدا ئولتۇرغان زۇلقەر ئۆزىنى خۇددى چۆلدە يالغۇز قالغان كېيىكتەك، قانداقتۇر قارا بوران يەنە ئۇنى ئۇچۇرۇپ بىر يەرلەرگە ئاپىرىۋېتىدىغاندەك ئەنسىز ھالدا خىيال سۈرۈپ، ياشلىرىنىڭ تاراملاپ چۈشۈۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. تۇيۇقسىز مۈرىسىگە تەگكەن قول ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.

ـ ئادىل، سەن... ـ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالغان زۇلقەر بۇ كونا قەدىناسىنى قۇچاقلاپ بۇلدۇقلاپ يىغلىۋەتتى.

ـ زۇلقەر، سەۋر قىل. قارا، گۈلنورمۇ مەن بىلەن كەلدى، ـ دېدى ئادىل.

ـ زۇلقەر، سەۋر قىلىڭ... ـ دېگەن گەپنى ئارانلا دېگەن گۈلنار ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىققان زۇلقەرنىڭ ھەدىسى ئايگۈلنى قۇچاقلىدى...

ھايات ئەنە شۇنداق رەھىمسىز، قۇياش بىزگە كۈلۈپ باققان بەختلىك كۈنلىرىمىزدە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيمىز. ئەمما ئەنە شۇنداق بەختلىك كۈنلەردە چىققان دەھشەتلىك قارا بوران بىزنى دائىم ھەسرەت ـ نادامەتكە باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئەڭ قەدىرلىك نەرسىمىزنى يوقىتىپ قويغىنىمىزنى ھېس قىلىمىز. ئەمما بۇ چاغدا پۇشايماننىڭ قىلچە پايدىسى يوق. بىز يەنىلا ھاياتقا كۈلۈپ بېقىپ ئاشۇ قارا بورانلاردا بىزگە ھەمدەم بولغانلارنى قەدىرلەشنى بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى كېلەركى قېتىم قارا بوراندا قالغاندا بەلكىم ئۇلارمۇ بىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ غايىپ بولۇشى مۇمكىن...




بوسارەم قاھار(2011)

ـ ئانا!...

بۇ بىر ۋاپاسىز ئوغۇلنىڭ نىداسى، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر پەرزەنت ئۈچۈن تىپىرلىغان ئوتلۇق يۈرەككە بىغىشلانغان تەبىئەتنىڭ ئەكس ساداسى.

بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت نەچچە كۈندىن ساقسىز بولۇپ قالغان مەنسۇرخان ئانىنى يوقلاپ كىلىش ئۈچۈن، ئۇدۇللا مەنسۇرخان ئانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ئاھ! كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان رېئاللىق. تۇرمۇشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى تەرىپىدىن ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرى ئەمدىلىكتە توپا چاڭلارغا مىلىنىپ، تىپتىنچ ياتقان مەنسۇرخان ئانا، ئانا كۆكسىگە بىشىنى قويۇپ جان ئۈزگەن كۆيۈمسىز پەرزەنت.

ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. بىرلىرى ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتسە، بىرلىرى ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، « تۇۋا » دىيىشەتتى.

***

بىشىدىن ئامەت قۇشى ئۈچۈپ كەتكەندەك، ئەخمەتنىڭ بوگۇنكى قىماردىن پەقەتلا تەلىيى كەلمىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ زىرىسىنى دوغا تىكىپمۇ كۆزلىگەن نىشانغا يىتەلمەي، يانچۇقلىرى قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىگىز بويى، سوزۇنچاق يۈزى، قاپقارا قوشۇما قاشلىرىغا ماس كەلمىگەن ھالدا روھى چۈشكۈن، مەيۈس ئىدى. ئۇ ماڭغاچ ئانىسىنى تىللىدى، تەقدىر ـ پىشانىسىنىڭ ئوڭ بولماسلىق سەۋەبىنى ئانىسىدىن ئىزدىدى: « نىمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئۆيدە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن، بىرەر باينىڭ بالىسى بولۇپ قالغان بولسام، بۇنچە پۇلدىن قىسىلماستىم، ئانام بولسا دادامنىڭ مىراسىدىن بىر تىيىنىنىمۇ كۆرسەتمىدى، ئۇ پۇللارنى ماڭا بەرمەي گۆرىگە ئەكىرىپ كىتىدىغاندەك » .

ئۇ دوقمۇشتىكى « ئەلسۆيەر سودا دۇكىنى » دىيگەن ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇكان نامىدا سودا دۇكىنى بولغان بىلەن ئىچىدە ھاراق ـ تاماكا ئاساس قىلىنىپ سىتىلاتتى، بۇ دۇكان قاچان بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى، شۇ كۈندىن ئىبتىبارەن مەھەللىدىكى ياشلار ھاراق ـ تاماكىغا ئۆگەندى. ھورۇنلىشىپ، كەيپ ـ ساپاغا بىرلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئۇ دۇكانغا كىرگەندە، دۇكان ئىچى قويۇق ئىسقا تولغان بولۇپ، ھاراقنىڭ بەدبۇي ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇراتتى. ئەخمەت بۇ دۇكاننىڭ دائىملىق مىھمىنى بولغاچقا، خوجايىن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى.

ـ ھە، ئەخمەتجان ئۇكام، ئۇزۇن بولدى يوقاپلا كەتتىڭ، دۇكانغا كەلمەس بولۇۋالدىڭغۇ؟

ـ ياقەي... شۇ يىقىندىن بىرى قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. ھە دىسىلا ئۇتتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم، ئامىتىم كەلمەيدىغۇ، تاڭ! ـ ، دىدى جاۋابەن ئەخمەتمۇ.

ـ ھە، مۇنداق دىگىن...

ـ مۇساكا، ھاراقلىرىڭدىن ئالغىنا بىر، ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ، بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشەيلى!

ـ مۇساكا، ئىسىل مەي ـ شارابلارنى ئاچىقىمامسەن، ـ دىدى بىر ياش ھاراقنىڭ ئىتىنى ئاڭلاپ...

ـ توغرا دەيدۇ، بوگۈن بىر قۇلاق مىدىرلىغۇدەك ئىچىشمەمدۇق، بۇنداق خۇش كەيىپ قاچانلا بولسا بولۇۋەرمەيدۇ، بوگۈنكى چىقىم مەندىن بولسۇن، ـ دىدى ئىگىز

بويلۇق بىر ئادەم. مۇسا خۇددى مۇشۇ گەپنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك، يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ، پاكار بويىغا ماس كەلمىگەن سېمىز تېنىنى ئېرغاڭشىتقىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ـ ھوي ئەخمەت، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرمامسەن، بىرى بۇ يەرگە يانتاق سېلىپ قويمىغاندىكىن. دېدى ئۇنىڭ تەڭتۇشى جۇرئەت دۇكاننىڭ ئىچىدىكى ماللارغا قاراپ تۇرغان ئەخمەتكە قاراپ.

ـ گەپ قىلمىسام ئاغزىڭ ئېچىلىپلا كەتتىغۇ، مېنى گاچا دەپ قالارمىكىن دەپ توختىماي گەپ قىلىپ كېتىپ بارامسەن، دەپ گەپكە قېتىلدى ئەخمەت. ھايال ئۆتمەيلا مۇسا بىر قانچە بوتۇلكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ جوزىغا قويدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە كوچا پاراڭلىرىنى قىلىشقاچ رومكا سوقۇشتۇردى، ئەخمەت بۈگۈنكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن خېلىلا كۆپ ھاراق ئىچتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يېقىنلا يەردىكى بىر ئۆينىڭ چىرىغى تېخىچىلا يورۇق تۇراتتى. بۇ دەل ئەخمەتنىڭ ئۆيى ئىدى. سائەت ئاللىقاچان 12دىن ئاشقان بولسىمۇ، مەنسۇرخان ئانىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ يوتقىنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كوچا ـ كويلارغا قاراپ بېقىپ كىرگەندىن كېيىن، تامدىكى كونا سۈرەتلەر ـ يولدىشىنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىدى ۋە ئاستا شىۋىرلاپ: لېتىپ ئاخۇن، بۇ بىزنىڭ خۇدايىمدىن نەچچە مىڭنى تىلەپ، تەسلىكتە ئېرىشكەن پەرزەنتىمىز ئىدى، بىز ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، ھەمىشە نېمە دېسە قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلغان، سىلى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە كۆيۈندۈم، ھەممە نەرسىسىنى تەل قىلىپ بېرىۋاتىمەن، ئەمما، ھازىر ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا كۈچۈم يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ باغدىكى كۆكتاتلىقتىكى كۆكتاتلارنى سېتىپ ئۇنىڭ خىراجىتىنى قامداۋاتىمەن، مۇشۇ ياشقا كەلگەندە ماڭا نېمە كۈن زادى، خۇدايىم مۇشۇ بالىنىڭ دىلىغا ئىنساپ بەرگەن بولسا، يامان يولدىن قايتىپ، ئۆز كۈنىنى ئالالىغۇدەك بولسا، ئاندىن مەنمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمغان بولاتتىم، ـ دېدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ قانچە يىغلىغانچە بېشىنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ ئايىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بېشىدىكى ياغلىقنى چىڭراق چىگىپ قويۇپ، قولىغا ئوغلىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئىشتىنىنى ئالدى. ئۇ ئۇزاق ھەپىلىشىپ نەچچە قېتىم قولىغا يىڭنە سانجىپ يۈرۈپ، يىپنى ئاران ئۆتكۈزەلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس چېۋەرلىك بىلەن ئىشتاننى بىلىندۈرمەي تىكىپ بولدى.

ئەخمەت، مۇسا قاتارلىقلار ھاراقنى تازا بولۇشىغا ئىچىپ، بوتۇلكىلار قۇرۇقدىلىپ قالغاندىن كېيىنلا ئاندىن بولدى قىلىشتى، بىر ياش ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى توختىتالماي كەينىگە داجىپ ئەخمەتنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى.

_ كۆزۈڭ ئاناڭنىڭ قورسىقىدا قاپتىكەنمۇ؟ ھۇ ھاراملىق! نېمە كاللامغا دەسسەپ يۈرۈيسەن! ـ دېدى ئەخمەت ھۆرپىيىپ كىلىپ.

_ كى... كىمىڭنى ياراتمايسەن، ھۇ قىمارۋاز بەڭگى! ـ، دېدى ياش بىگىز بارمىقىنى ئەخمەتكە تەڭلەپ زەردە بىلەن.

ـ نېمە دەيدۇ ما تاز؟ ـ دېگىنىچە ئەخمەت ياشنىڭ ئېڭىكىگە قاتتىق بىر مۇش قويدى. ئۇلار بىردەمدىلا پومداقلىشىپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا ھاي بىرىشتى.

مەنسۇرخان ئانا، ئىشتاننى كارىۋاتقا ئېلىپ قويۇپ، يەنە ھېلىقى سۈرەتلەرنىڭ داۋامىنى كۆردى، مانا ماۋۇ ئەخمەتنىڭ ئۆملىگەن ۋاقتى، بۇ سۈرەتنى ئەخمەتنىڭ دادىسى يېزا كادىرى بولغان ۋاقىتتا تارتقۇزىۋالغان ئىدى، ئانا ئوغلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تاتلىق بىر كۈلۈپ قويدى. توغرا، بۇ ئۇلارنىڭ توي قىلىپ 14 يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىسى بولۇپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەنسۇرخان بىر قانچە قېتىم قورساق كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ساق ـ سالامەت تۇغۇلۇپ قاتارغا قوشۇلغىنى مۇشۇ بىر ئەخمەت ئىدى. لېتىپ ئاخۇن بالا تۇغۇلۇپ بەش ياشقا كىرگەندە قازا قىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان مەنسۇرخان

قايتا ئۆيلۈك بولۇشنى ئويلاشماي بۇ بالىنى مىڭ تەستە چوڭ قىلدى.

ئانا، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ، مەرھۇمى يادىغا يەتتى بولغاي ئاغزى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۇمچىيىپ، ئويچان كۆزلىرىدە مۇنچاقتەك ياشلار تۇرۇپ قالدى.

« ھەي نادان بالام، قاچانمۇ ھالىمغا يېتەرسەن، قاچانمۇ كۇنۇڭنى ئالغۇدەك بولارسەن، داداڭدىن قالغان تويلۇق زىرىنىمۇ ئېلىپ بولدۇڭ، يالۋۇرۇشلىرىمغىمۇ پىسەنت قىلمىدىڭ، مىنى نېمە قىل دەيدىغانسەن، ئۇلۇغ ئاللاھ! پەرزەنتىمنىڭ دىلىغا ئىنساپ تىلەيمەن » .ئۇ بۇلارنى ئويلىغان ۋاقىتتا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ تۇرۇپ يىغلىدى، ئۆزىنى ھەر قانچە تۇتاي دەپمۇ يىغىدىن توختىتالمىدى، شۇ ئەسنادا دەرۋازىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

ئۇ ئىتتىك مېڭىپ بۇسۇغىدىن پۇتىنى ئالماقچى بولدىيۇ، بېشىنىڭ ئاغرىقى ئەۋجىگە چىقىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا يېقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. تاراقشىغان ئاۋاز ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ يوقىلىپ كەتتى.

ئەخمەت شۇنچە ۋارقىرىسىمۇ ئۆيدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈش ئۈچۈن دەلدەڭشىگىنىچە قوتان تەرەپتىكى تامنىڭ يېنىغا كەلدى.ئۇ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا ئۆزىنى توختىتالماي تامدىن يېقىلىپ چۈشۈپ، بېشى يەرگە توغرىسىغا قويۇپ قويۇلغان تۆمۈر تارتقۇچنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، ئۇ قاتتىق ئىڭراپ ھوشىدىن كەتتى، تۆمۈر زىقچىلار ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق سانجىلغان بولۇپ، بېشىدىن قان توختىماي ئاتاتتى.

ئەتراپ جىمجىت. پەقەت كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار بۇ قاباھەتكە گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغاندەك جىمجىت قاراپ تۇراتتى.

ئەخمەت ھوشىغا كىلىپ، بېشىنى تۇتقىنىچە ئۆيگە ئۆمىلەپ دېگۈدەك كىرىپ يەردە ياتقان ئانىسىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى، يۈرىكىنى بىر نەرسە مۇجىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ، جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

ـ ئانا، جېنىم ئانا، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ! مىنى تولا قورقۇتمىغىن، مىنى تىللىغىن، ئۇرساڭمۇ مەيلى، كۆزۈڭنى ئاچساڭلا بولدى، ماقۇلمۇ ئانا! مەن قەسەم قىلاي ئەمدى گېپىڭنى چوقۇم ئاڭلايمەن، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ! ئەخمەت قاتتىق ۋارقىرىدى، ئۇن سېلىپ يىغلىدى. ئانىسىنى قايتا ـ قايتا ئىرغىتىپ ئىسمىنى چاقىردى، ئەمما ئانىسى ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس.

ئەخمەت بېشىنى قاماللاپ تۇتۇپ، قاتتىك سىلكىدى، كۆرگىنى يەنىلا ئاۋۋالقى مەنزىرە، دېمەك بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، بەلكى رېئاللىق.

ئانا، ۋاپاسىز ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن، ساڭا مەن زىيانكەشلىك قىلدىم، ياخشى قارىيالمىدىم، مەن تۇزكور، مەن ۋاپاسىز! ـ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنىڭ مۇشتلىدى، ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ قۇلىقىدىكى ئۆزى قالدۇرغان يارا ئىزىنى كۆرۈپ، ئازابتىن يۈرەكلىرى ئۆرتەندى، ئاچچىق ياشلار يۈرىكىدىن تامماقتا ئىدى.

ــ ئانا، قۇلىقىڭ ھېلىمۇ ئاغرىۋاتامدۇ؟ يالۋۇرۇشلىرىڭغا قارىماي، قۇلىقىڭدىكى ھالقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغىنىمدا، سەن ماڭا ئۈمىدسىز كۆزلىرىڭ بىلەن تىكىلگەنىدىڭ، سەن مېنى قارغىمىدىڭ، بەلكى مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدىڭ. جېنىم ئانا، بېشىڭ ھازىرمۇ ئاغرىۋاتامدۇ؟ مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، مۇشۇنچىۋالا ئەسكىلىكلەرنى قىلساممۇ، ۋايساپ قويماي يەنە مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىسەن، مەن ئۈچۈن قايغۇرىسەن. ئانا، سەن ئۈچۈن ئات ـ ئېشەك بولساممۇ مەيلى كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا بىر قارىغىنا...

ئەخمەتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بەدىنى بېشىدىن ئاققان قانلار بىلەن بويالدى، ئۇ بېشىنى ئانا كۆكسىگە قويۇپ، ئانىسىنىڭ ھىدىنى قايتا پۇرىدى، ئانىنىڭ جىسمى ئوغلىنىڭ قىپقىزىل قانلىرى بىلەن بويالدى...

**بۇ ساندىكى ھېكايىلەرنىڭ مۇھەررىرى: مەريەمگۈل تۇرسۇن (2007)**

**كورىكتورلار: خانقىز مەتتوختى(2007)، ماھىرە تۇرسۇنتوختى (2007)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ تۈرغۈن سۆز شەكىللىرى

پەرىنگۈل مۇختەر (2007)

**ئەسەردە قوللىنىلغان قىسقارتمىلار:**

1. HT·HZUG = خەمىت تۆمۈر، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2. DLT ـ MK = مەھمۇد كاشغەرىي، « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاي
3. UOMT ـ AT = ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي، « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 6 ـ ئاي
4. KTT ـ TA = مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » (3 ـ قىسىم) غا بېسىلغان، تۇرسۇن ئايۇپنىڭ « كاشغەر تىلى توغرىسىدا » دېگەن ماقالىسى، 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاي

**ئىزاھلار:**

1. بۇ ماقالىدە « ئەتەبەتۇلھەقايىق » نىڭ خەمىت تۆمۈر ۋە تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساس قىلىندى.
2. ماقالىدە بېرىلگەن رەقەملەر « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تىكى كۇپلېت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.
3. ماقالىدە ئىشلىتىلگەن ھەرپلەر:

| ئېلىپبە | بەلگىسى | ئېلىپبە | بەلگىسى |
|---|---|---|---|
| ئا | a | ق | q |
| ئە | ä | ك | k |
| ب | b | گ | g |
| پ | p | ڭ | ŋ |
| ت | t | ل | l |
| ج | j | م | m |
| چ | č | ن | n |
| خ | x | ھ | h |
| د | d | ئو | o |
| ر | r | ئۇ | u |
| ز | z | ئۆ | ö |
| ژ | ž | ئۈ | ü |
| س | s | ۋ | w |
| ش | š | ئې | e |
| غ | ğ | ئى | i |
| ف | f | ي | y |

## كىرىش سۆز

بۇ ماقالىدە ئاساسلىق دىداكتىك داستان « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا قوللىنىلغان پېئىللارنىڭ تۈرغۈن سۆز شەكىللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**1. « ئەتەبەتۇلھەقايىق » ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات**

« ئەتەبەتۇلھەقايىق » ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى قاراخانىلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇھىم يازما يادىكارلىق ھەمدە ئەدەبىي نامايەندە بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەسەر 14باب 484 مىسرا، كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە ئورنىدا بېرىلگەن ئۈچ پارچە شېئىر قوشۇلۇپ جەمئىي 512 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي داستان. بۇ داستان خۇددى ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى خەمىت تۆمۈر ۋە تۇرسۇن ئايۇپ ئەپەندىلەر ئۆز ئەسەرنىڭ

كىرىش سۆز قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاروز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يۇكسەك ماھارەت بىلەن يېزىلغان.

## 2. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا قوللىنىلغان پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى

ئۇيغۇرتىلىدىكى پېئىللار تۈرلىنىش ئارقىلىق تۇرغۇن سۆز ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىشى مۇمكىن، بىز پېئىلنىڭ بۇ خىل شەكلىنى پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكلى دەپ ئاتايمىز.

### 1.2 سۈپەتداشلار

سۈپەتداشلار پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۈپەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ، ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا قوللىنىلغان سۈپەتداشلارنى ھال جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش، پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. تۆۋەندە بۇ تۈرلەر بويىچە ھەر قايسى سۈپەتداشلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

### 1.1.2 پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشلار:

پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش دېگىنىمىز: ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان سۈپەتداشلار بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشلارنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئەسەردە كۆرۈلگەن پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن ـ miš\mïš ـ duq\ ـ tuq ـ ğan\ ـ qan\ ـ gän\ ـ kän قاتارلىقلار كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

1) mïš ـ \miš ـ قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۈپەتداش

mïš ـ \miš ـ قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپمۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان، بۇلارنى مەڭگۈ تاشلار تېكىستلىرىدىكى قوللىنىش ئەھۋالىدىن ئېنىق بىلىش مۇمكىن. يەنى، «كۆل تېگىن ئابىدىسى» دە پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ بۇ قوشۇمچىسى 41 ئورۇندا قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، تۇرپان قوشاقلىرىنىڭ ئەقلىيە قىسمىدىلا يەتتە ئورۇندا قوللىنىلغان. مەسىلەن:

ayipsiz tišigä är
boyunun sunmiš käräk.
0l andaq tüzün birlä,
tiriklik qilmiš käräk.

(مەنىسى: ئەيىپسىز ئايالغا ئەر بويۇننى سۇنۇش كېرەك، ئۇنداق مۇلايىم كىشى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك.)[1]

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، mïš ـ \miš ـ دىن ئىبارەت پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىلا ئەمەس بەلكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان.

مانا بۇ قوشۇمچىلار ئۇيغۇرتىلىدىكى قەدىمكى سۈپەتداشلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئەتەبەتۇلھاقايىق» تىمۇ قوللىنىلغان. لېكىن قوللىنىش چاستوتىسى قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئازايغان. مەزكۇر قوشۇمچە بۇ ئەسەردە 11 ئورۇندا كۆرۈلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۆتكەن زاماندا يۈز بەرگەن ئىش ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرۈپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئىككى ئورۇندا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن، بىر نەچچە يەردە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

arqiš uzadi qopup yol tutup oŋ
oŋi qopmiš arqiš näčä kiğgulug (65)
(ئېنىقلىغۇچى)

(مەنىسى:كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ ئۇزاپ كەتتى، ئالدى بىلەن قوزغالغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن؟)

---

① بولسا HT·HZUG نىڭ 228 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

tarïğlïğ däp aymiš ažunnu räsul
tarïğliqta qatlan tarï ätgulug (68)

(خەۋەر)

(مەنىسى: رەسۇل بۇ دۇنيانى ئېتىزلىق دەپ ئاتىغان، بۇ ئېتىزلىقتا ئىشلە، ياخشىلىق تېرى.)

ol ol xäliq talusï kiši quluci
turutmïštä bil aŋa tuš tiŋä (12)

(ھالەت)

(مەنىسى: ئۇ خەلق سەردارى، ئىنسانلارنىڭ قۇتلۇقىدۇر، بىلگىكى، يارىتىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭ - تۇشى يوقتۇر.)

ئۇنىڭدىن سىرت بۇ قوشۇمچە يەنە (12)، (56)، (61)، (65)، (143)، (147)، (148)، (151)، (68)، (137)، (70) قاتارلىق بېيىتلاردا كۆرۈلىدۇ.

بۇ قوشۇمچە « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا 29 ئورۇندا كۆرۈلگەن. جۈملىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆتكەن زاماندىكى ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن، بەزى ئورۇنلاردا ئىسىمنىڭ تەۋەلىك، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ باشقا روللاردىمۇ كەلگەن.

مەسىلەن:

bilig bilmägändin bir unča budun
oz älgin but ätip idim bu dädi. (51)

(سەۋەب ھالىتى)

(مەنىسى: بىلمىسىزلىكتىن بىر مۇنچە خەلق، ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ شۇنى ئىگەم دېدى.)

Sanïp sozlägän är sozi soz sağï,
Okuš yaŋšağan til onulmaz yağï. (54)

(ئېنىقلىغۇچى)

(مەنىسى: ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر، كۆپ مەمەدانلىق قىلغان تىل، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەندۇر.)

bilig birlä bilinur turutgän idi,
biligsizlik ičirä qani xäyir dädi(51)

(خەۋەر)

(مەنىسى: ياراتقۇچى ئىگە بىلىم بىلەن تونۇلىدۇ، بىلمىسىزلىكتىن ياخشىلىق كۆرگەن كىشى بارمۇ؟)

بۇ قوشۇمچىلار يەنە (3)، (4)، (19)، (30)، (36)، (47)، (51)، (54)، (56)، (63)، (70)، (82)، (83)، (114)، (133)، (134)، (135)، (150) قاتارلىق بېيىتلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

بۇ قوشۇمچە ھەققىدە دىۋاندا « ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى داۋاملىق ۋە كۆپ قېتىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ » دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان.

ئەسكەرتىش: « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا - ğan\ - qan\ - gän\ - kän قوشۇمچىلىرى يەنە پېئىلدىن ئىسىم خارەكتېرلىك (ئاساسەن ئىسىم ۋە سۈپەت) سۆزلەرنى ياسىغۇچى قوشۇمچە شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى سۈپەتداش قوشۇمچىسى بىلەن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

مەسىلەن: u>uğan (قادىر بولماق، ئىمكان بولماق)+ - ğan دىن كەلگەن بولۇپ، « خۇدا، ئاللاھ » دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

3) tuq - \duq - قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلار.

بۇ قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستلەردە قوللىنىش چاستوتىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمەن ئۆتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قەدىمكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولغان « كۆل تېگىن ئابىدىسى » دە ئۆتكەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ بۇ خىل شەكلى 15 ئورۇندا كۆرۈلگەن، شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، بۇ قوشۇمچە قەدىمكى تۈركچە تېكىستلەردىكى ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى. بۇ قوشۇمچە ھەققىدە تۇرسۇن ئايۇپ مۇئەللىمنىڭ « قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ئوقۇشلىقى » دېگەن كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى تېكىستلىرىدە ئۆتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ( duq - tuq/ - tük/ - dük - شەكىللىرىمۇ بار)، - ğan ( - kän - gän\ - qan\ شەكىللىرىمۇ بار)، - iğma ( - ikmä - igmä/ قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار) قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچە قوللىنىلغان، كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا بۇ ئوخشاش مەنىلىك ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچىدا تەرتىپكە سېلىنىش بولۇپ، ئۆتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمى ئۈچۈن -

ğan ۋەكىللىكىدىكى قوشۇمچە ئومۇملاشقان، duq ۋەكىللىكىدىكى قوشۇمچە پۈتكەن ئۆتكەن زامان كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولغان ۋە بارا - بارا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

ئىدىقۇت خانلىقىغا دائىر ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولغان « تۇرپان قوشاقلىرى » دىمۇ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان.

qïsinčïğimin öyü qadğurar män,
qadcurduqča qaši körkläm
qawišï qsayur män

(مەنىسى: سۆيگەن يارىمنى ئويلاپ قايغۇرارمەن، قايغۇرغانسېرى، ئەي قارا قاشلىقىم، قۇچاقلىغىم كېلىدۇ.)

پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشنىڭ بۇ خىل شەكلى « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا پەقەت سەككىز ئورۇندا كۆرۈلگەن، يەتتە يەردە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ئىسىملاشقان شەكىلدە كېلىپ ۋاقىت ياكى ھالەتنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى بىلدۈرگەن بولسا بىر يەردە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

uluğ bolduquŋča tuzunräk bolup,
uluğqa kiqikkä siliq qil sozuŋ(109)
(تەۋەلىك، يۆلىنىش، ھالەت)

(مەنىسى: ئۆسكەنسېرى مۇلايىم بولۇپ، چوڭ ۋە كىچىككە سىلىق سۆزلۈك بول.)

### 2.1.2. پۈتمىگەن ھاللىق سۆپەت

ئەسەردە پۈتمىگەن ھاللىق سۆپەتداش
ğuluq\ - quluq\ - قوشۇمچىلىرىدىن
ğuči\ - - dačï\ - täči - gülük\ - külük
ğu\ - qu\ - gü\ - quči\ - güči\ - küči
r\ - - - kü - ğli\ - qli\ - gli\ - kli
ar\ - är\ - ïr\ - ir\ - ur\ قاتارلىقلار
كۆرۈلىدۇ.

- ğluq\ - quluq\ - gülük\ - külük قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سۆپەتداش.

بۇ قوشۇمچە پۈتمىگەن سۆپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرىچە، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى

bu kun kändu sučug bu tarmac saŋa
ačiğ bolğa yarin qoduo barduquŋ(129)
(تەۋەلىك، ئىگە)

(مەنىسى: بۈگۈن تۇپلاش سەن ئۈچۈن تاتلىق بولغىنى بىلەن، ئەتە تاشلاپ كېتىش ئاچچىق بولىدۇ.)

بۇ قوشۇمچە يەنە (92)، (102)، (109)، (129)، (152) نۇمۇرلۇق بېيتلىردا كۆرىلىدۇ.

يۇقىرقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى: - tuq - \duq دىن ئىبارەت قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا (بولۇپمۇ مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ) ئۇنۇملۇك سۆپەتداش قوشۇمچىسىنىڭ بىرى بولغان بۇ قوشۇمچىنىڭ جۈملىدە سۆپەتداش بولۇپ كېلىش رولى زور دەرىجىدە قىسقىراپ، ئىسىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. چاغاتاي ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ قوشۇمچە سۆپەتداشلىق رولىدىن ئاساسەن قالغان، « چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسى »، « چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان » قاتارلىق كىتابلاردا بۇ قوشۇمچە ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. بۈگۈنكى تىلىمىزدا بولسا پېئىلنىڭ تەۋەلىك II - شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسى شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان.

ئىكەنلىكى، ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ قوشۇمچە « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا 10 ئورۇندا كۆرۈلىدۇ، خۇددى مەھمۇد كاشغەري ئىزاھلاپ ئۆتكىنىدەك، ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

bilig bildi boldi ärän bälgülük,
biligsiz tiriglä yituk körgülük (44)

(مەنىسى: ئادەم بىلىمى بىلەن تونىلىدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.)

bu dunya näŋindin yägü kädgülük

al artuq tilämä wäbal <u>yudgulug</u> (68)

(مەنىسى: بۇ دۇنيا نەرسىلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كېيىدىغانىنىلا ئال، ئارتۇق تىلىمە، گۇناھ يۈكلىنىدۇ.)

bu ažun ribat ol qušup <u>kočgulug</u>
ribatqa tušugli tušär <u>käčgulug</u>(65)

(مەنىسى: بۇ دۇنيا يولۇچىلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان سارايدۇر، سارايغا چۈشكۈچىلەر مېڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.)

بۇ قوشۇمچە ئەسەرنىڭ (44)، (65)، (68)، (118) ـ بېيتلىرىدا كۆرىلىدۇ.

ئوخشاشلا بۇ قوشۇمچىنىڭمۇ بۇ ئەسەردىكى قوللىنىش چاستوتىسى تۆۋەنلىگەن. هازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدا ئىشلىتىشتىن ئاساسىي جەھەتتە قالغان.

2) täči ـ \dači ـ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سۈپەتداشلار

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، چوقۇم يۈز بېرىدىغان ياكى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى زۆرۈر بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن دىۋاندا بۇ قوشۇمچە مۇنداق كۆرىلىدۇ: boldaqi buzağu öküz ara bäigülük (ئۈي بولىدىغان كالا موزاي چېغىنىدىنلا بەلگىلىك)

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرىچە ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئاندى ـ ساندا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دىۋاندا مۇنداق مەلۇماتلار كۆرۈلگەن: پېئىللاردىن ياسالغان سۈپەتلەر ئوغۇز، قىپچاق، يەمەك. ياغما، ئارغۇ قاتارلىق كۆچمەنلەر تىلىدا ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، bardi ـ دېگەن پېئىدىن ئۆتكەن زامان بەلگىسى بولغان d بىلەن I نىڭ ئارىسىغا بىر q قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ bardači (بارىدىغان، بارغۇچى) دېگەن سۈپەت ياسىلىدۇ.①

پۈتمىگەن سۈپەتداشنىڭ بۇ قوشۇمچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. ئەمما، « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا پەقەت ئىككى ئورۇندىلا قوللىنىلغان.

bu kun tägsu mändin durud ol yarin
älig <u>tutdačimqa</u> ägirsä muŋa (15)

(تەۋەلىك، يۆلىنىش كېلىش، ھالەت)

(مەنىسى: ئەتە مۈڭگىغا چۈمۈلسەم قولۇمدىن تۇتقۇچى بولىدىغان، ئۇ (رەسۇلغا) مەندىن سالام تەگسۇن.)

qamuğ <u>tägdäči</u> näŋ qäzadin ärur
uqušsizlar ani säbäbdin körür (135)

(ئېنىقلىغۇچى)

(مەنىسى: باشقا كەلگەن ھەممە ئىش تەقدىردىن بولىدۇ، ئۇقمىغانلار ئۇنى سەۋەبتىن كۆرىدۇ.)

دېمەك بۇ قوشۇمچىنىڭمۇ خاقانىيە تىلىدا ئىشلىتىش ئۇنۇمدارلىقىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنى[2]كۆرۈش مۇمكىن. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يالغۇز قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تىلا ئەمەس، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن قەلەمگە ئېلىنغان « قۇتادغۇبىلىك » تىمۇ بۇ قوشۇمچە كەمدىن كەم ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئورنىغا« ـ غۇچى\ ـ گۈچى » قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇ ئەسەر بىلەن دەۋرداش ئەمما ئىدىقۇت ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە بولسا بۇ قوشۇمچە يەنىلا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ، بۇنىڭدىن، خاقانىيە تىلى بىلەن ئىدىقۇت ئەدەبىي تىلىنىڭ بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتە قىسمەن پەرق قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

3) küči ـ \güči ـ \quči ـ \ğuci ـ قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادە قىلىنغان سۈپەتداشلار

بۇ قوشۇمچە « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا ئالتە ئورۇندا كۆرۈلگەن.

مەسىلەن:

aya ğäm qatiğsiz surär <u>umğuči</u>
bu ažun qačan ol umunčqa orun (73)

(مەنىسى: ئاھ، غەم ئۈمۈدكە قوشۇلماي ئېقىۋىرىدۇ، بۇ دۇنيا قاچان ئۈمۈد ئورنى بولغان.)

aya hokmin ažun tapa <u>ugkuči</u> (133)
yirip muni birär yana <u>ugguči</u>

---

① بولسا DLT ـ MK نىڭ 2 ـ توم 43 ـ بەتتىن ئېلىندى.

uğan hokmi birlä kälur kälgän iš
aniŋ ämri birlä tägür tggüči

( مەنىسى: ئەي، ئۇز ھۆكمىنى دۇنيا يۈزىدە يۈرگۈزگۈچى، بەزەن ئەيىبلەپ، بەزەن ماختىغۇچى، كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى قادىر ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن بولىدۇ، يولۇققان ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن كېلىدۇ.)

بۇ قوشۇمچە ئەسەرنىڭ (60)، (73)، (111)، (133) ـ قاتارلىق بېيىت مىسرالاردا كۆرىلىدۇ.

خۇددى يۇقىردا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، سۆپەتداشنىڭ بۇ خىل شەكلى، مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا، شۇنداقلا ئىدىقۇت دەۋرىدىكى بۇددىزم مەزمۇن قىلىنغان ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ خىل قوشۇمچە، « قۇتادغۇبىلىك » تە « ـ dačï\ ـ täči » قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان، بولغاچقا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار« ـ dačï\ ـ täči » ۋە « ـ ğuci\ ـ quči\ ـ güči\ ـ küči » سۆپەتداشنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدىكى شەكلى ئەمەس بەلكى بىر خىل قوشۇمچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ. زادى قايسى خىل قاراش توغرا بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا سۆپەتداش قوشۇمچىسى « ـ ğuci\ ـ quči\ ـ güči\ ـ küči » نىڭ قوللىنىشى « ـ dačï\ ـ täči » قارىغاندا كۆپ بولغان.

4) ـ ğu\ ـ qu\ ـ gü\ ـ kü قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن سۆپەتداشلار

ـ ğu\ ـ qu\ ـ gü\ ـ kü قوشۇمچىلىرى « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا جەمئىي توققۇز ئورۇندا كۆرۈلگەن، بۇ قوشۇمچە ئەسلىدىن ئىسىمداش قوشۇمچىسى بولسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە كۆپ ھاللاردا سۆپەتداش رولىدا قوللىنىلىپ كەلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئەسەردىمۇ يەتتە ئورۇندا سۆپەتداش رولىدا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۈچ ئورۇندا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ سۆپەتداش رولىدا كەلگەن بولسا قالغان ئورۇنلاردا زۆرۈرىيەت رايىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن:

qani ämru mäiruf qilur ädgü är (122)
qani kändu ädgü kiši turğu yär?

(قېنى ئەمرى مەرۇپقا رىئايە قىلىدىغان ئادەملەر، قېنى ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەرنىڭ ئۆزى؟)

yilantäk bu ažun yilan oqlağu (74)
yoqumaqqa yumšaq iči por ağu
yilan yumšaq ärkän yawuz fiil itär
yiraq turğu yumšaq däp azilmağu.

(مەنىسى: بۇ دۇنيا گويا يىلاندۇر، يىلاننى ئۇرۇش كېرەك. ئۇ قول ئۇزاتماققا يۇمشاق ئەمما ئۇنىڭ ئىچى زەھەر بىلەن تولغان. يىلان يۇمشاق بولغىنى بىلەن ياۋۇزلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك، يۇمشاق دەپ ئېزىشقا بولمايدۇ.)

بۇ قوشۇمچە سۆپەتداش شەكلىدە ئەسەرنىڭ (74)، (78)، (111)، (122)، (136) قاتارلىق بېيىتلىرىدا كۆرىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ـ ğu\ ـ qu\ ـ gü\ ـ kü قوشۇمچىسى ئىسىمداشلارنىڭ قوشۇمچىسى بولۇپ كۆپ ھاللاردا ئىسىمداش ئورنىدا قوللىنىلىپ ۋە ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىدۇ، ئەمما بۇ ئەسەردە ئۇلارنىڭ ئىسىمداشلىق رولى پەقەت ئىككى ئورۇندىلا كۆرۈلگەن، شۇڭا بۇ قوشۇمچى بۇ يەردە سۆپەتداش قوشۇمچىسى قاتارىدا سۆزلەندى، ئۇنىڭ ئىسىمداشلىق رولى ئىسىمداشلارغا بارغاندا قەيت قىلىنىپ ئۆتۈلىدۇ.

5) ـ ğli\ ـ qli\ ـ gli\ ـ kli قوشۇمچىلىرى مەزكۇر تېكىستتە 15 ئورۇندا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل پېئىلنىڭ پۈتكەن سۆپەتداش قوشۇمچىسى، ئۇمۇمەن دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىمۇ كۆرسىتىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ(ئادەتتە خەۋەر بولۇپ كېلەلمەيدۇ). مەسىلەن:

aya šäk yolinda yligli odun,
käl ottun ozuŋ yul olumdin oŋä (6)

(ئېنىقلىغۇچى)

(مەنىسى: ئەي، شەك يولدا يۈرگەنلەر ئويغىنىڭلار، كېلىڭلار، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار.)

äliglärdä qutluğ bärigli älig,
alip bärmägän ol älig qutsuzi (83)

(ئېنىقلىغۇچى)

(مەنىسى: كەل، نەسىھەتىمنى ئال، تاماگەر بولما، تاما ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر.)

بۇ قوشۇمچە يەنە (6)، (22)، (38)، (39)، (45)، (65)، (83)، (89)، (91)، (94)، (121)، (125)، (136)، (141) قاتارلىق بېيىتلاردا كۆرۈلىدۇ.

دىۋاندا بۇ قوشۇمچە ھەققىدە « ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ » دەپ مەلۇمات بېرىلگەن①.

6) ـ r\ ـ ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ـ ur\ قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن سۈپەتداشلار:

r\ ـ ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ـ ur\ ـ قوشۇمچىلىرى ئەدىقۇت ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان قوشۇمچە بولۇش سۈپىتى بىلەن پېئىل يىلتىزىغا قوشۇلۇپ پۈتمىگەن ھالىق سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ كەلگەن، بۇ قوشۇمچە مۇشۇ خىل رولدا يەتتە ئورۇندا كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

ägär yigdiŋ ärsä umurluk tawar
burun başqa borikni kädär baş käräk.
(95)

(مەنىسى: ئەگەر ئۈمۈرلۈك مۇلۇك توپلىغان بولساڭ ئۆنتىمىغىنىكى، ئالدى بىلەن بۆكنى كىيىشكە باش كېرەك.)[3]

täwäzzu qiliğlini koturur ärdi
täkäbbur tutar ärni kämşur qudi. (91)

(مەنىسى: كەمتەرلىك قىلغاننى تەختى كۆتۈرىدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلغاننى يەرگە ئۇرىدۇ.)

بۇ خىل رولدىكى قوشۇمچىلار ئەسەرنىڭ (76)،(79)، (88)، (91)، (93)، (95)، (125) بېيىتلىرىدا كۆرۈلگەن.

« ئەتەبەتۇلھەقايىق » پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك ئەسەر بولغاچقا بۇ ئەسەردە قوللىنىلغان ـ r\ ـ ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ur ـ قوشۇمچىلىرى يەنە خەۋەر رايىدا كېلىپ، 170 دىن ئارتۇق ئورۇندا قوللىنىلغان. يەنى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ شەخس ئالماشلىرى ۋە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولۇپ كېلىشى كۆپ كۆرۈلۈپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋال ئاز كۆرۈلگەن، بۇ ھالنىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

tunätur tunuŋni kunuŋ kitärip
tunuŋ kitärip baz yaratur taŋa. (8)

(مەنىسى: ئۇ كۈننى كەتكۈزۈپ تۈننى كەلتۈرىدۇ، تۈننى ھەم كەتكۈزۈپ قايتىدىن تاڭنى يارىتىدۇ.)

r\ ـ ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ـ ur ـ قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ خىل رولدا كەلگەن شەكلى (1)، (3)، (4)، (5)، (7)، (8)، (9)، (18)، (19)، (23)، (25)، (27)، (28)، (29)، (30)، (35)، (41)، (42)، (46)، (47)، (48)، (49)، (50)، (51)، (53)، (54)، (55)، (57)، (59)، (60)، (64)، (65)، (66)، (67)، (69)، (70)، (72)، (73)، (76)، (78)، (79)، (82)، (83)، (85)، (86)، (89)، (91)، (92)، (95)، (97)، (98)، (99)، (100)، (103)، (104)، (105)، (107)، (108)، (111)، (112)، (115)، (116)، (121)، (122)، (124)، (126)، (128)، (133)، (134)، (135)، (138)، (140)، (144)، (146)، (147)، (148)، (149)، (150)، (151) قاتارلىق بېيىتلاردا كۆرۈلىدۇ.

قىسقىچە خۇلاسە قىلغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدىكى mïş ـ miş\ ـ ، ـ dačï\ ـ täč، ـ tuq ـ duq\ شەكىللىرىنىڭ « ئەتەبەتۇلھەقايىق » تا قوللىنىلىشى خېلى كۆپ دەرىجىدە قىسقارغان. پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى ـ igmä ، ـ iğma/ ـ yuqشەكىللىدىكى سۈپەتداشلار بولسا پەقەتلا ئىشلىتىلمىگەن. ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ـ kän ـ gän\ ـ qan\ ـ ğan\ شەكىللىدىكى سۈپەتداش قوشۇمچىسىنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بارغانسېرى ئاشقان.

① بولسا DLT ـ MK نىڭ 1 ـ توم 42 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

### 2.2 ئەسەردە قوللىنىلغان ئىسىمداشلار ھەققىدە

ئىسىمداشلار پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ، ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ①

#### 1.1.2 ـ mäk ـ /maq شەكىلدىكى ئىسىمداشلار:

ئىسىمداشلارنىڭ بۇ تۈرى پېئىل ئۈزىكىگە ـ mäk ـ /maq قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ،[4] بۇ قوشۇمچە چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك قوشۇمچە بولىشىغا قارىماي مەزكۇر ئەسەردە پەقەت 12 ئورۇندىلا كۆرۈلگەن، ۋە مەنە جەھەتتىن « ش » لىق ئىسىمداشلار بىلەن ئوخشاش مەنىدە كەلگەن. مەسلەن:

yimä tort išiŋä idurmän sälam,
ulardin usanmaq qačan ol maŋa. (16)

(مەنىسى: يەنە چاريارلارغا سالام يوللايمەن، مەن ئۇلاردىن ھېچقاچان تانمايمەن.)

ašitgil biliglgi nägü däp ayur,
ädäblär baši til kudäzmäk däyur. (53)

(مەنىسى: بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن، ئۇلار ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ.)

بۇ خىل شەكىلدىكى قوشۇمچىلار يەنە ئەسەرنىڭ (10)، (16)، (53)، (66)، (74)، (75)، (85)، (94)، (129)، (131) قاتارلىق بېيىتلىرىدا كۆرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئىسىمداشلارنىڭ بۇ خىل قوشۇمچىسىنى بۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى ـ mäk ـ /maq قوشۇمچە تىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

#### 2.2.2 « ش » لىق ئىسىمداشلار

« ش » لىق ئىسىمداشلار پېئىل ئۆزىكىگە ـ üš ـ /uš ـ /iš ـ /š قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ خىل شەكىلدىكى ئىسىمداشلارمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى، ئەمما بۇ خىل قوشۇمچىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىسىمداش ئەسەردە پەقەت بەش ئورۇندا كۆرۈلگەن. بۇ ئىسىمداشلار ھال جەھەتتىن بىتەرەپ ھەرىكەتنى شەيئى ئۈستىدە ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينىغان. مەسلەن:

ol ol kim täkäbburni yärdin salip,
täwazuni bark tut yapuš käd aŋa.
(87)

(مەنىسى: بۇ سۆز شۇكى تەكەببۇرنى يەرگە ئۇرۇپ، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىش.)

bähil tärdi zär sim häramdin okuš
wäbal kotru bardi ozulä sokuš. (81)

(مەنىسى: بىخىل ھارامدىن كۆپلەپ ئالتۇن ـ كۆمۈش يىغدى، ئۆزىگە گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى.)

ئىسىمداشنىڭ بۇ خىل شەكلى ئەسەرنىڭ (11)،(71)، (81)، (87)، (134) بېيىتلىرىدا كۆرىلىدۇ.

#### 3.2.2 « غۇ » لىق ئىسىمداشلار

بۇ خىل ئىسىمداشلار پېئىل ئۈزىكىگە ـ kü ـ //gü ـ /qu ـ /ğu قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلاردۇر. بۇ خىل شەكىلدىكى قوشۇمچىلار قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ۋە قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ئىسىمداش قوشۇمچىسى بولىشىغا قارىماي مەزكۇر ئەسەردە پەقەت توققۇز ئورۇندا كۆرۈلگەن، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە ئورۇندا سۈپەتداش رولىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن مەن بۇ قوشۇمچىلارنى سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ قوشۇمچە ئەسەردە پەقەت ئىككىلا ئورۇندا ئىسىمداش رولىدا كۆرۈنگەن. مەسلەن:

bu dunya näŋindin yägu kädguluk,
al artuq tilämä wabal yudguluk. (68)

① بولسا **HT·HZUG** نىڭ 233 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(مەنىسى: بۇ دۇنيا نەرسىلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كېيىدىغانىنىلا ئال، ئارتۇق تىلىمە گۇناھ يۈكلىنىدۇ.)

äsäl qayda ärsä billä arisi,
äri zähri tatqu asaldin uza. (130)

(مەنىسى: ھەسەل نەدە بولسا ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ، ھەسەلدىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى تېتىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.)

ئەسكەرتىش: ئىسىمداشىنىڭ بۇ قوشۇمچىلىرىنى پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ـ kü ـ //gü ـ /qu ـ /ğu لاردىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

خۇلاسە: يۇقارقى مىساللاردىن بىلىشىمىزچە مەزكۇر ئەسەردە ئىسىمداشلار سۈپەتداشلارغا ئوخشاش ئۇنچە كۆپ قوللىنىلمىغان، ئۈچ خىل ئىسىمداشلار جەمئىي بولۇپ 17 ئورۇندا كۆرۈلگەن.

## 3.2 ئەسەردە قوللىنىلغان رەۋىشداشلار

رەۋىشداشلار پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى بولۇپ، جۈملىدە يەنە بىر ھەرىكەتكە بېقىنىدى بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ①.

رەۋىشداشلار قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا خېلى كۆپ قوللىنىلغان بىر خىل شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىمۇ خىل كۆپ مىقداردا قوللىنىلغان. تۆۋەندە بۇ ئەسەردە قوللىنىلغان رەۋىشداشلار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن ئەسەردە كۆرۈلگەن رەۋىشداشلارنى قوشۇمچىلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىدىم.

### 1.3.2 «پ» لىق رەۋىشداشلار

بۇ خىل رەۋىشداشلار مەيلى قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن ۋە ياكى چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل رەۋىشداشلاردۇر، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلەنگەن رەۋىشداشلار خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان نادىر ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىمۇ ناھايىتى كەڭرى قوللىنىلغان. يەنى بۇ قوشۇمچىلار بۇ ئەسەردە 90 نەچچە ئورۇندا كۆرۈلۈپ ھەر خىل مەنىدە كەلگەن پېئىللارغا چېتىلىپ جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

yaratti ol oğan tunuŋ kunduzuŋ
odup biri birikä yorir oŋ soŋa.(7)

(مەنىسى: قادىر ئاللاھ تۈننى ۋە كۈندۈزنى ياراتتى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئالدى كەينى ماڭىدۇ.)

tätikliktä kändu ayastin uzup,
dad insaf tutaršin anuširwani.(28)

(مەنىسى: ئۇ زېرەكلىكتە ئاياسنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتتە ئانۇشىرۋاننىڭ ئۆزىدۇر.)

biliglik kiši kor bilur iš odin,
bilip itär išiniokunmäz kidin.(49)

(مەنىسى: قارا، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ، ئۇئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ.)

p/ ـ ip/ ـ up/ ـ üp ـ قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن رەۋىشداشلا مەزكۇر ئەسەرنىڭ (7)، (8)، (11)، (27)، (28)، (35)، (36)، (37)، (38)، (39)، (40)، (48)، (49)، (50)، (54)، (57)، (62)، (63)، (64)، (65)، (68)، (72)، (74)، (75)، (77)، (80)، (82)، (84)، (87)، (89)، (90)، (97)، (98)، (101)، (105)، (106)، (107)، (108)، (110)، (112)، (114)، (117)، (120)، (121)، (122)، (125)، (126)، (128)، (129)، (132)، (133)، (136)، (139)، (140) نومۇرلۇق بېيتلىرىدا كۆرىلىدۇ.

### 2.3.2 «ئا» لىق رەۋىشداشلار

a/ ـ ä/ ـ ï/ ـ i/ ـ u/ ـ ya/ ـ ـ yu ـ yä/ قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن رەۋىشداشلار مەزكۇر ئەسەردە 16 ئورۇندا كۆرۈلگەن ۋە چېتىلما رەۋىشداشلارغا ئوخشاش قوللىنىلىپ جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

baqa korgil ämdi uqa sinayu,
nä näŋ bar biligtäk asiğliq oŋin. (45)

(مەنىسى: ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن، بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار.)

koni bol konilik qil atan koni,
koni däyu bilsun kišilär sini. (62)

(مەنىسى: راستچىل بول، راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال، كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن.)

بۇ خىل شەكىلدىكى رەۋىشداشلار يەنە ئەسەرنىڭ (45)، (62)، (63)، (66)، (92)، (93)، (99)، (104)، (112)، (121)، (125)، (129)، (132)، (139) نومۇرلۇق بېيىتلىرىدە كۆرۈلگەن.

### 2.3.2 «پان» لىق رەۋىشداش

«پان» لىق رەۋىشداش دېگىنىمىز پېئىل ئۆزەكلىرىگە -ipan/ -ïpan/ -pan/ -pän/ قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن رەۋىشداش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى رەۋىشداشلارنىڭ بىر يۈرۈش قوشۇمچىلىرىمۇ پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىپ خەۋەر ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى مەزكۇر قوشۇمچە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا پەقەت بىرلا ئورۇندا كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

qamuğ qazğaniğli ažun malini
yäyumädi bardi koruŋ halini.
tišisi qalip bir adin är bilä,
ol anda yatipan bärur sanini. (89)

(مەنىسى: دۇنيانىڭ بايلىقىنى يىغقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يېمەستىن كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ، خوتۇنى باشقا بىر ئەر بىلەن قېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۇنىڭغا تېنىنى بېرىدۇ.)

شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە ئىدىقۇت ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا قوللىنىلغان بۇ قوشۇمچە تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بارا - بارا ئىشلىتىلىنىش چاستوتىسى تۆۋەنلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى دەۋرىگە كەلگەندە ئىشلىتىلىشتىن قالغان.

بۇ ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىكى ئىنكار مەنىدە كېلىدىغان رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى بولغان -mayïn/ -mäyin/ -madïn/ -mädin قاتارلىق بىر يۈرۈش قوشۇمچىلار بولسا ئەسلا ئىشلىتىلمىگەن.

## 3. ئومۇمىي خۇلاسە

يۇقىرىدا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىكى پېئىللارنىڭ تۈرلۈك سۆز شەكىللىرى بولغان سۈپەتداش، ئىسىمداش. رەۋىشداشلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى شۇنداقلا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ ئۆتۈلدى. بۇنىڭدىن چىققان خۇلاسىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. پېئىللارنىڭ تۈرلۈك سۆز شەكىللىرى ئىچىدە سۈپەتداشلارنىڭ تۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان.

2. پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى -kän -gän\ -qan\ -ğan\ ۋە -miš\ -mïš لارنىڭ قوللىنىش چاستوتىسىدىن قارىغاندا شۇنى بىلەلەيمىزكى، مانى ۋە بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا -kän -gän\ -qan\ -ğan\ لار قوللىنىلمىغان، يەنى 9 - ئەسىرگە تەۋە بولغان «ئىرق بىتىگ» ۋە 10 - ئەسىر ئەتراپىدا ئۆتكەن بەشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن بولغان «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» لاردا پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى -kän -gän\ -qan\ -ğan\ قوللىنىلمىغان. بۇ ئەسەرلەردە ئومۇمەن -kän -gän\ -qan\ -ğan\ -mïš -miš\ ياكى -duq\ -tuq لار قوللىنىلغان. قاراخانىلار يادىكارلىقلىرىدا -mïš -miš\ بىلەن -kän -gän\ -qan\ -ğan\ تەڭ قوللىنىلغان ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ -kän -gän\ -qan\ -ğan\ بارا - بارا ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن. 11 - ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» كە قارىغاندا 12 - ئەسىردە يېزىلغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا بۇ قوشۇمچىنىڭ كۆپرەك ئىشلىتىلىشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

3. قەدىمكى تۈركچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە كەڭ قوللىنىلغان بىرقانچە

www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە بۇ ئەسەردە قوللىنىلمىغان ياكى قوللىنىش چاستوتىسى تۆۋەنلىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، (1): گىڭ شىمىن مۇئەللىمنىڭ « قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى » ① دېگەن كىتابىدا سۆپەتداش ئۈچۈن:
ـduq/ ـ tuq/ ـ dük/ ـ tük; ـmïš/ ـ
miš; ـdači/ ـ däčï, ـ tači/täčï; ـ r\ ـ
ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ـ ur\ ïğma/ ـ
ïgmä; ـiğlï/ ـ ïglï; ـ ğuluq\ ـ quluq\ ـ
gülük\ ـ külük; ـ ğan\ ـ qan\ ـ gän\ ـ
kän قاتارلىق 5 سەككىز يۈرۈش قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن بولسا، جاڭ تېشەن مۇئەللىمنىڭ كىتابىدا② :
miš/ ـ mïš/ ـ muš/ ـ müš/ ـ ـ
maš/ ـ mäš; ـdači/ ـ däčï, ـ tači/täčï;
ـ r\ ـ ar\ ـ är\ ـ ïr\ ـ ir\ ـ ur\; ـ
ğuči\ ـ quči\ ـ güči\ ـ küči; ـduq/ ـ
tuq/ ـ dük/ ـ tük; ïğma/ ـ ïgmä; ğu\ ـ
qu\ ـ gü\ ـ kü; ـ ğli\ ـ qli\ ـ gli\ ـ
kli; ـ ğan\ ـ qan\ ـ gän\ ـ kän; ـ asi/
ـ äsï; ـ di/ ـ dï; ـ ağan/ ـ ägä
قاتارلىق 12 يۈرۈش قوشۇمچە كۆرۈستىلگەن. مەزكۇر ئەسەردە بولسا سۆپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن توققۇز يۈرۈش قوشۇمچە ئىشلىتىلگەن، يەنى،
ïğma/ ـ ïgmä ـ asi/
ـ äsï; ـ di/ ـ dï; قاتارلىق قوشۇمچىلار ئىشلىتىلمىگەن. (2): ئىسىمداشلار ئۈچۈن « قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى » دا
maq/ ـ ـ ،ğu/ ـ qu/ ـ gü// ـ kü ـ
mäk قاتارلىق ئىككى يۈرۈش قوشۇمچە كۆرۈستىلگەن، جاڭ تېشەن مۇئەللىمنىڭ كىتابىدا بولسا: ـ mäk ـ maq/، ـ ğu\
ğ/ ـ g/ ـ k/ ـ ïğ/ ـ ،qu\ ـ gü\ ـ kü;
ig/ ـ ik/ ـ uğ/ ـ üg/ ـ ük ـ قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچە كۆرۈستىلگەن. مەزكۇر ئەسەردە ـ
ğ/ ـ g/ ـ k/ ـ ïğ/ ـ ig/ ـ ik/
ük ـ üg/ ـ uğ/ ـ قوشۇمچىسى كۆرۈلمىگەن، ئەمما بۇ ئىككى كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان ـ
š/ ـ iš/ ـ uš/ ـ üš

قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىسىمداشلار خېلى كۆپ قوللىنىلغان. (3): رەۋىشداشلار ئۈچۈن « قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى » دا:
a/ ـ ä/ ـ ï/ ـ i/ ـ u/ ـ ya/ ـ yä/ ـ ـ
ipan/ ـ ـ ،p/ ـ ip/ ـ up/ ـ üp ـ ،yu
ïpan/ ـ pan/ ـ pän/ ـ uban/ ـ übän/ ـ
lir ـ ğïnča/ ـ ginčä ـ ïban/ ـ übän
ğali ـ / ـ gäli ـ ğalïr/gälir/ ـ qalïr/äyin
kginč ـ قاتارلىق يەتتە يۈرۈش قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن بولسا، جاڭ تېشەن مۇئەللىمنىڭ كىتابىدا : ـ
p/ ـ ip/ ـ up/
ipan/ ـ ïpan/ ـ pan/ ـ pän/ ـ ـ ، ـ üp
a/ ـ ä/ ،uban/ ـ übän/ ـ ïban/ ـ übän
ـ ï/ ـ i/ ـ u/ ـ ya/ ـ yä/ ـ yu ğali ـ
matïn/ ـ ،ğïnča/ ـ ginčä ـ ،/ ـ gäli
mädin ـ madïn/ ـ mätin/ قاتارلىق ئالتە يۈرۈش قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر ئەسەردە بولسا ـ ـ
a/ ـ ä/ ـ ï/ ـ i/ ـ u/
،p/ ـ ip/ ـ up/ ـ ü ـ ،ya/ ـ yä/ ـ yu
ipan/ ـ ïpan/ ـ pan/ ـ pän/ ـ uban/ ـ
übän ـ ïban/ ـ übän/ ـ قاتارلىق ئۈچ يۈرۈشلا قوشۇمچە كۆرۈلگەن.

4. قەدىمكى تۈركچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردەناھايىتى ئازقوللىنىلغان ئەمما چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى تېكىستلىرىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان
ğan\ ـ qan\ ـ
kän ـ gän\ ـ سۆپەتداش قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ ئەسەردە خېلى كۆپ مىقداردا قوللىنىلىشى، قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇرتىلىدا قوللىنىلغان چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ـ
p/ ـ ip/ ـ up/
üp ـ ۋە « ئا » لىق رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ـ ـ
a/ ـ ä/ ـ ï/ ـ i/ ـ u/
yu ـ yä/ ـ ya/ نىڭ بۇ ئەسەردە مۇئەييەن دەرىجىدە قوللىنىلىشى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرىمايدىغان ئەمما چاغاتاي ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا خېلى كەڭ قوللىنىلغان ـ
š/ ـ iš/ ـ uš/ ـ üš
قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ ئەسەردە مەلۇم نىسبەتتە قوللىنىلىشى شۇنى چۈشەندۇرىدىكى، « ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› تا قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىغا خاس كونا سۆپەت ئامىللىرى بىلەن چاغاتاي

① « 古代突厥语语法« 耿世民，魏萃 中央民族大学出版社 153 – 163 页。

② «回鹘语言文献的结构与特点« 张铁山 中央民族大学出版社 266 – 275 页。

ئۇيغۇرتىلىغا خاس يېڭى سۆپەت ئاممىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەتتا بۇ خىل ھالەت كاشغەر تىلىنىڭ ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى دەۋرىدىن چاغاتاي تىلى دەۋرىگە ئۆتۈشتىكى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ‹ئەتەبەت (بوسۇغا)› تىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. » ①


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئۇيغۇرچە كىتابلار:

(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

1. « چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى گراممانىكىسى »، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ؛

2. « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى »، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ؛

3. « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، تالات تەكىن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى

4. « ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى گراممانىكىسى »، خەمىت تۆمۈر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ؛

5. « ئەتەبەتۇلھەقايىق »، خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى

6. « قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ئوقۇشلۇقى »، تۇرسۇن ئايۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتى (1998 ـ يىلى)

7. « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر »، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۇسۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ؛

8. « تۈركىي تىللار دىۋانى »، مەھمۇد كاشغەري، III،II،I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ 1984 ـ يىللار؛

9. « قۇتادغۇبىلىك »، يۇسۇپ خاس هاجىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، 1 ـ نەشرى.

2. ماقالىلەر:

1. « كاشغەر تىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە »، تۇرسۇن ئايۇپ، « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ( 3 ـ توم) غا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ؛

2. « ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› تىكى سۆپەتداشلار توغرىسىدا »، نۇرئەلى شاھياقۇپ، « قەشقەر پېداگوكىكا ئونۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى »، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان ؛

3. « ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ‹ ـ غۇ ـ گۈ› قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىمداشلارنىڭ قوللىنىلىشى »، مىرسۇلتان ئوسمانوف، « تىل ۋە تەرجىمە » 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان ؛

**3. 汉文：**

**1.**《维吾尔古代文献研究》，耿世民，中央民族大学出版社，**2003** 年 **12** 月；

**2.**《回顾文献语言的结构与特点》。张铁山，中央民族大学出版社，**2005** 年 **12** 月；

**3.**《古代维吾尔文献教程》，耿世民，民族出版社，**2006** 年 **6** 月；

**4.**《古代突厥语语法》，耿世民，中央民族大学出版社，**2010** 年 **8** 月


**يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: دىلئارە ئىسرايىل**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com






روزىھاجى ئىمام (2008)

( نەسر )

« ھاياتنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئىنسان تۇرمۇشتىن ياراتماقچى بولغان مەناچۇ؟... » دېگەندەك سۇئاللارغا ھېچكىم ئاسانلىقچە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق چېگىش سۇئاللارغا تولۇپ كەتكەن. بىر توپ ئادەم ئىچىدە ياشايمىز، مەلۇم بىر نېمىنى تىنماي ئىزدەيمىز، لېكىن زادى نېمە ئىزدەۋاتقىنىمىزنى كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، بەزىدە شاد ـ خۇراملىق ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر ياكى بەزىدە ئۆكۈنۈشلەرگە توشۇپ كەتكەن غۇۋا بىر كارتىنا؛ كەلگۈسىمىزگە باقساق، ئۈمىد ۋە ئارزۇغا تولغان مەۋھۇم بىر بوشلۇق؛ ھازىرغا قارىساق ئىزتىراپ ۋە ياكى بەزى ئەنسىرەشلىرىمىز كۆرۈنىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ھەممە ئادەم ھەر ۋاقىت نېمىگىدۇر ئىنتىلىدۇ، نېمىنىدۇر قوغلىشىدۇ. مەيلى بىر زۆرۈرىيەت بولغاندا بولسۇن ۋەياكى مۇھتاجلىقتا قالغان ۋاقىتتا بولسۇن، بىزگە بىر نەرسە ھامان كەمدەك تۇيۇلىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ھەممە ئادەم ياشاش جەريانىدا نېمىنىدۇر ئىزدەيدۇ، ھەمدە ئىزدىگىنىمنى تاپسامكەن دەيدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇ دۇنيادا بارلىق بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىغا مەھكۇم قىلىنغان. ھاياتىمىزدىكى ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ ئارىسىدا ياشاپ ئۆتۈش ئادەمگە ئىزدەشنى ئادەت قىلىپ ئۆگىتىدۇ.

ئىزدەش، ئىزدەش، يەنە ئىزدەش، ھاياتلىقنىڭ ئۇمۇرتقىسىغا يانداشقان يۇلۇندەك ھاياتنىڭ ھەر نەپەسىگە ھەمراھ شۇ ئىزدەش. ئادەمنىڭ ھەربىر نەپەسىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىزدەش. چۈنكى بۇ ھەر بىر نەپەسنى ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بەدىلىنى، جاۋابىنى ھامىنى بېرىمىزغۇ ئاخىر.

تۇرمۇشتا ھەممىمىز نېمىلەردىنىدۇر نېمىلەرنى ئىزدەيمىز. گەرچە ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھېچنىمىمىز يۈتمىگەن ياكى بىرەر نەرسە بىزگە دەرھاللا لازىم بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا ئىزدەيمىز ھەم ئىزدەۋاتىمىز. بىز ئىزدەۋاتقان بۇ نەرسە، بەلكىم ماددىي بۇيۇم ياكى مەنىۋى بۇيۇم بولىشىمۇ، ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق بىر نەرسە بولىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم بىز ئىزدەۋاتقان ئۇ نەرسىنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋالارمىز. بەلكىم پۈتۈن بىر ئۆمۈرىمىزنى سەرپ قىلىپمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا ئىزدىگەن نەرسىمىزنى تاپالماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما، بىز ئىزدەۋاتقاندىكى شۇ جەريان، ئىزدەشتىكى شۇ ئىزدىنىش بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مەنىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىر كۈنى بايقايمىز.

ھەممە ئادەم ئىزدەيدۇ. ئىزدەۋاتقان نەرسىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەرمۇ ئىزدەيدۇ، بۇنى بىلمىگەنلەرمۇ ئاڭسىزلارچە ياكى ھېچبىر سەزمەستىن ئىزدەيدۇ، ئىزدىمىگەنلەرنىڭمۇ ئىزدىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ھەممە ئادەم نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتىدۇ. بەزىلەر نام ـ شۆھرەت ئىزدىسە، بەزىلەر بايلىق، مال ـ دۇنيا ئىزدەۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئەمما يەنە بەزىلەر بولسا خاتىرجەملىكنى ئىزدەۋاتىدۇ. يەنە ھەم بۇنىڭدىن باشقىلارنى ئىزدەۋاتقانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئىزدەشمۇ خۇددى ئۆگىنىشتەك بىر ئۆمۈر داۋام قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھازىرغىچە تاپالمىغان بولسىڭىز ئۇنداقتا داۋاملىق ئىزدەڭ، توختاپ قالماڭ! سىز يۈرەك سادايىڭىزغا قۇلاق سېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئىزدىسىڭىزلا، سىز ئۇنى ئىزدەپ تاپقاندا يۈرىكىڭىز سىزنى ئەسكەرتىدۇ.

ئەگەر بىرى:« دۇنيادا مۇھەببەتتىنمۇ لەززەتلىك نەرسە بار » دېسە، سىزمۇ ئىشىنىڭ، ئۇ بولسىمۇ غايە يولىدا ئىزدىنىشتۇر.

**مۇھەررىر: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي (2009) كوررېكتورى: نۇرىگۈل ئەھەت (2009)**



# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى قادىر (2007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 744 ـ يىلى قۇرۇلۇپ 839 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان، ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، قەبىلە تەشكىلى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار قەبىلە نامى بويىچە ئەمەس، بىر پۈتۈن مىللەت ھالىتىدە سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، پۈتۈن مىللەت ھالىتىدە، بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ فېئوداللىق ھوقۇق مەركەزلەشكەن، خېلى مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان. بۇ دەۋردىكى ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى كېيىنكى دەۋردىكى ۋە باشقا خانلىقلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ماقالىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى، ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى

**ماقالىدە قوللىنىلغان قىسقارتىلمىلار:**

**ئىزاھلىق لۇغەت:** ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى. مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان.

**دىۋان:** تۈركىي تىللار دىۋانى

ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەرقتە سىبىرىيە ۋە مۇڭغۇل دالاسىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن جەنۇبتا ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردا ياشىغان، بولۇپمۇ ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريا ۋادىلىرى، تارىم ئويمانلىقى، بالقاش كۆلى ۋە يەتتەسۇ رايونى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك ماكانلىشىپ، قەبىلە توپى بويىچە ياشاپ ئاۋۇپ، ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ۋە دۇنياۋىي ئۈچ چوڭ دىن ئۇچراشقان رايون بولۇش، شۇنداقلا قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت قەدىمىي مەدەنىيەتلەر پەيدا بولغان رايونلار ئوتتۇرسىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۈيۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياراتقان مەدەنىيەتكە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ھەر قايسى ساھەلەردە تەڭ تەرەققىي قىلغان مۇكەممەل بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، تېبابەتچىلىك، پەلسەپە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان ساھەلەرگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ساھەلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئورخۇن خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت

ئۇيغۇر خانلىقى، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ خانلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇكەممەل مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشىنى زۆرۈر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇيغۇرلار بۇ خانلىقلاردا بىر قاتار مۇكەممەل ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ۋە بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان قانۇن ـ تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ۋە ئۇنۋانلارنى قوللانغان. بۇ ماقالە ئۇيغۇرلارتارىخىدا مىلادى 744 ـ يىلىدىن 839 ـ يىلىغىچە 100 يىل ئەتراپىدا مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا.

## 1. بۇ تېمىنى تاللاشنىڭ ئەھمىيىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنى تەتقىق قىلىش مەيلى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە ياكى مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، ناھايىتى زور ئەھمىيەتلەرگە ئىگە. يەنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر يەنىلا پۈتكۈل ئۇيغۇر تىل تارىخىدىكى مۇھىم لۇغەت تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنى بېيىتىشتىكى تىل خەزىنىسىدۇر. مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈملىرىنى، دۆلەت قۇرۇلما شەكىللىرىنى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتلەرگە ئىگە. شۇڭا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنى تەتقىق قىلىش مۇشۇ خانلىقنىڭ فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈملىرىنى، دۆلەت قۇرۇلما شەكىللىرىنى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رولى بار.

## 2. بۇ تېما ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللانغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىغا ئائىت ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان بەزى بايانلار ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىن باشقا تەتقىقاتتا پايدىلانغۇدەك قولىيازمىلار يوق دېيەرلىك، شۇ سەۋەبلىك بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاز. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا[1] ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ خانلىقتا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان، ئەمما مۇھىمراق دەپ قارالغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدىن قاغان، قاتۇن، تېكىن، يابغۇ، شاد، ئېلتەبىر، ئېركىن، تۇتۇق، تارقان، چۇر، تۇدۇن، سانغۇن قاتارلىق 12 ئەمەل ـ مەنسەپ نامى ئۈستىدە خېلى ئەتراپلىق توختالغان، لېكىن بۇلاردىن باشقا قۇنچۇي، شاداپىت، ئالىپ، يالاباچ، بۆرە، بۇيرۇق، تامغاچى، بەگ، چابىش قاتارلىق كۆپ ساندىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئۈستىدە توختالمىغان.

(2) جۇرئەت سېيىتۋالدىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان

قىلىنغان « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ نامى »[2] ناملىق ماقالىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرىنىڭ قايسى قوليازمىلاردا ئۇچرايدىغانلىقى، هەر بىر ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ زادى قانداق بىر ئەمەل ـ مەنسەپ ئىكەنلىكى دېگەندەك مەزمۇنلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىغان.

(3) « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن يېزىلغان، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابتا[3] ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى ساناپ ئۆتۈلگەن، ئەمما ئىزاهات ۋە چۈشەنچە بېرىلمىگەن.

(4) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « مەدەنىيەت مەسلىهەتچىسى » ژۇرنىلى (بۇ ژۇرنال هازىر نەشردىن توختىغان) نىڭ 1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 3 ـ سانىدا ۋە 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 4 ـ سانىدا مۇتەللىپ سىدىق، ئابلاجان مۇهەممەتلەرنىڭ « قەدىمكى هەربىي ـ مەمۇرىي ئاتالغۇلار ۋە دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل نامىلىرى هەققىدە »[4] ناملىق ماقالىسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە پەقەت بۇيرۇق، بەگ، تەركەن قاتۇن، چابىش، شاد، قۇنچۇي، ئىنانچى، يابغۇ، يالاۋاچ، يۈز بېشى، تۇدۇن(تۇدۇڭ)، تارقان(تارخان)، سانغۇن، قاغان قاتارلىق بىر قىسىم ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرىغا ناهايىتى قىسقىچە ئىزاهات بېرىپلا ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرىنىڭ قايسى دەۋردە قوللىنىلغانلىقى، قەيەردە ئۇچرايدىغانلىقى دېگەندە مەزمۇنلار هەمدە بۇنىڭدىن باشقا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان نۇرغۇنلىغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرى ئۈستىدە توختالمىغان.

(5) ياڭ شېڭمىنىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان « قەدىمكى ئۇيغۇرلار » ناملىق كىتابىدا[5] ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان بىرقىسىم ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرى هەققىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار، ئەمما تولۇق ئەمەس.

(6) لىيۇ زىشياۋ تەرىپىدىن يېزىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان « ئۇيغۇر تارىخى » (بىرىنچى قىسىم) ناملىق كىتابىدا[6] ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى ۋە بۇ خانلىقتا قوللىنىلغان بىر قىسىم ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغان، ئەمما تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتمىگەن.

## 3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى هەققىدە

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل يايلىقىنى مەركەز قىلىپ مىلادىيە 744 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 839 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان. بۇ خانلىق قۇرۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي هاياتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، قەبىلە تەشكىلى ۋە هاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. يەنى فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ئىگىلىك قاتارلىق جەهەتلەردە يېڭى بىر هاياتقا قەدەم قويغان. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار قەبىلە نامى بويىچە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت هالىتىدە سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بىر پۈتۈن مىللەت هالىتىدە تارىخ سەهنىسىگە چىققان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ۋە كۆكتۈرك خانلىقىدا قوللىنىلغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈملەر ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ئاساسىدا، فېئودال لىق هوقۇق مەركەزلەشكەن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان. بۇ خانلىقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى كېيىنكى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمىگە ئاساس بولغان, چۈنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان بىر قىسىم ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلاردىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاش مەنە ۋە ئوخشاش دەرىجىدە قوللىنىلغان. ئەلتەبىر، بەگ، سۇ باشى، تۈمەن باشى، مىڭ باشى، يۈز باشى، ئون باشى دېگەندەك ئەمەل مەنسەپ ناملىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا داۋاملىق قوللىنىلغان.[7] قاغان، خان، خاتۇن، تېكىن، يابغۇ، سۇ باشى، سانغۇن، بۇيرۇق، تارخان، بەگ، چاۋۇش، يالاۋاچ قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىزچىل قوللىنىلغان[8] شۇنداقلا بۇ خانلىقتا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى موڭغۇل يايلاقلىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قىرغىز خانلىقى، لياۋ(قىتان) خانلىقى، ئالتۇن(جىن) خانلىقى ۋە موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىغا خېلى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئەركىن شىرىپ تەرجىمە قىلغان « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: « ئوتتۇرا ئەسىردە، موڭغۇللار ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇرچە ئەمەل ـ مەنسەپ، ھۈنەر ـ كەسىپ، سىياسىي ـ ھەربىي قاتارلىق ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. »[9] ئۇنىڭدىن باشقا ئابلەت نۇردۇننىڭ « غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش » ناملىق كىتابىدامۇنداق دەپ يازغان: « ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە موڭغۇللارغا زور تەسىر كۆرسەتتى. موڭغۇللار خانلىق باشقۇرۇشتا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىن ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن ئۈلگە ئالدى.»[9] ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئاساسىدا ئورنىتىلغان بولسا، موڭغۇللار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان.

دېمەك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلارنىڭ ۋە سىبىرىيە ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىدا باشقا قەۋم ۋە مىللەتلەر قۇرغان بىر قىسىم خانلىقلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىغا خېلى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

## 4.ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ۋە ئۇلارغا قىسقىچە ئىزاھات

بۇ دەۋردە ئاساسەن كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى قوللىنىلغاندىن سىرت، يەنە بەزى ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىمۇ قوللىنىلغان. بۇ ھەقتە « جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى » ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: « تۈركلەر ئاساسەن ھۇنلارنىڭ تۈزۈملىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدارلارنىڭ نام ـ ئاتاقلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىشلار بولغان. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ تۈزۈملىرى ۋە قوشۇمچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى تۈزۈملىرىنىمۇ قوللانغان. بۇلار بىرىكىپ ئۇيغۇر تۈزۈملىرىگە ئايلانغان. ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران قاغان ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن قالسا تېگىن، يابغۇ، شاد قاتارلىقلار بار ئىدى. تېگىن،

يابغۇ، شادلار كۆپ ھاللاردا قاغاننىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قاغان نەسلىدىن بولاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاپا، يارغۇنتا، تارقان، بۇيرۇق ۋە ئىچكى ۋەزىر(ئۈچ كىشى) ۋە تاشقى(ئالتە كىشى)، سەركەردە، چېرىكچى قاتارلىق ئەمەللەر بار ئىدى. نۆكەرلەر بۆرە دەپ ئاتىلاتتى. قاغانغا قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەر باشلىقلىرىغا رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېركىن، چۇر، ئېلتەبىر، ئېلىكبەگ ۋە تۇتۇق ناملىرى بېرىلەتتى. قاغان ئۆزىگە قاراشلىق قەبىلىلەر (بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر)نى بىر قانچە رايونلارغا ئايرىپ، ئۇ جايلارغا يابغۇ، شادلارنى بەلگىلەپ ئەۋەتىپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەمدە ھەربىر قەبىلىگە بىردىن تۇدۇن تۇرغۇزۇپ، ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلاتتى. » [11] ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇقنىڭ « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابىدا[12] بۇ ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىلگەن: « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ كونا تۈزۈملىرى ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، « كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى » ۋە « يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى » دە « تۈركلەردە دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتىلاتتى، بۇ قەدىمكى تەڭرىقۇت بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى قاتۇن دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ قەدىمكى ئالچى بىلەن ئوخشاش ئىدى، پەرزەنتلىرى تېكىن دەپ ئاتىلاتتى، چوڭ سەركەردە شاد دەپ ئاتىلاتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە يابغۇ، كۆلۈكچۇر، ئاپا، ئېلتەبىر، تۇتۇق، ئېركىن، ياغۇندا، تارقان قاتارلىق 28 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى. <كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى> ۋە <يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى> دە <كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى> ۋە <يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى> دە خاتىرلەنگەن ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدىن سىرت، يەنە سول قول يابغۇ، ئوڭ قول يابغۇ، ئوڭ قول شاد، سول قول شاد، يابغۇ، ئېلتەبىر، سانغۇن، قۇنچۇي، ئايماق بېگى، ئەمىر لەشكەر، دورغاپ قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىمۇ خاتىرلەنگەن. » ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا يەنە ئىشبارا، ئىنانچى، بەش مىڭ باشى، مىڭ باشى، توققۇز يۈز باشى، بەش يۈز باشى، تۇيقان، تورغاق باشى، سۇ باشى، بۇيلا، تامغاچى، شاداپىت، يالاباچ، ئايغۇچى، باغا، چۇر، چابىش، ئىلىك، خان، بەگ، يارقان، تىركىش، بۆلۈن قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارمۇ بەلكىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندە بۇ ماقالىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردا قىسقىچىلا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ۋە كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى »، « كۈل تېكىن مەڭگۈ تېشى »، « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى »، « تىرخىن (تارىيات) مەڭگۈ تېشى » ۋە « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى » قاتارلىق ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچى. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**قاغان:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىدۇر. بۇ نام تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز خانلىقلىرى دەۋرىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا لىۋ شىگەننىڭ « تۈرك قاغانلىقى تارىخى » ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: « قاغان ئاتالغۇسى دەسلەپتە جۇرجانلاردا پەيدا بولغان، ئۇ دۆلەت باشلىقى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. » [13] بۇ نام ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. قاغان دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە سىمۋولى بولۇپ، ھوقۇق دائىرىسى چەكسىز ئىدى. ھەتتا قاغان تەڭرى، يەنى كۆك ئىلاھىنىڭ ئوغلى دەپ قارالغان. بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا كۆپىنچە ئايرىم شەكىلدە ئۇچرايدۇ، ئەمما يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurbook.com

بەزى جايلاردا « ئالپ قاغان »، « بىلگە قاغان » قاتارلىق شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » شەرقىي يۈزى تۆرتىنچى قۇرىدا: « بىلگە قاغان ئەرمىش، ئالپ قاغان ئەرمىش؛ بۇيرۇقى يەمە بىلگە ئەرمىش ئەرىنچ، ئالپ ئەرمىش ئەرىنچ. » يەنى: « ئۇلار دانا ۋە جەسۇر قاغانلار ئىكەن؛ (قول ئاستىدىكى) قوماندانلىرىمۇ ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئىكەن، شۈبھىسىز. » [14] بۇ نام خان، خاقان قاتارلىق ناملار بىلەن بىر قاتاردا قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلغان، ئەمما مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنى دىۋاندا ئىزاھلىمىغان. ئىزالىق لۇغەتتە بۇ نامغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « قەدىكى سىيانپىلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، موڭغۇللاردىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ نامى. خان - پادىشاھ مەنىسىدە كېلىدۇ. مىلادىيە 402 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان. » [15]

**خاقان:** بۇ ناممۇ قاغان، خان، ئىلىك قاتارلىق ناملار بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلگەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە نام بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى خاقان دەپ ئاتالغان. بۇ نام مەڭگۈ تاشلاردا خېلى كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئەمما بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە شەخس؛ ئۇلۇغ خان. » [16]

**قاتۇن(خاتۇن):** قاغاننىڭ ئايالى يەنى خانىش قاتۇن دەپ ئاتالغان بولۇپ، قاتۇن قاغاندىن قالسىلا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان. قاتۇنلار ئوردىدا مەخسۇس ئەمەل - مەنسەپ تۇتمىسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، ئەمىر - پەرمان چۈشۈرۈش ھوقۇقى بولغان. بۇ نام مەڭگۈ تاشلادا ئايرىم شەكىلدە ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە « ئۇلۇغ قاتۇن »، « تەركەن قاتۇن » قاتارلىق شەكىللەردىمۇ كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. قاتۇن دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتىپاقىلىق مەشھۇر تۈركولوگ ۋ.ۋ.بارتولد ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ نامنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتقان ھەمدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: « تۈركىي خەلقلەر ۋە موڭغۇللار ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ئەسلىي سوغدىلاردىن كېلىپ چىققان <قاتۇن> سۆزى خانىش، ئېسىلزادە دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدۇ. » [17] قاتۇنلارمۇ قاغانلار تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ قارالغاندەك ئوماي ئانىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئوبرازى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان ۋە ھۆرمەتلەنگەن. مەسىلەن، « كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ شەرقىي يۈزى 31 - قۇردا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « ئۇمايدەك ئانام قاتۇننىڭ قۇتلۇق سايىسىدە ئىنىم كۆلتېگىن ئەر ئاتالدى. » [18] بۇ ئەينى دەۋردىكى قاتۇنلارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاياللارنىڭ ۋە ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە ھۆرمەتلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىزچىل قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خانىشلار « خاتۇن » نامى بىلەن ئاتالغان. لېكىن بۇ سۆز ھەققىدە دىۋان ۋە ئىزاھلىق لۇغەتتىبىردەك مەلۇمات بېرىلمىگەن.

**تېگىن:** قاغاننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى شاھزادىلەر « تېگىن » دەپ ئاتالغان بولۇپ، بىرەر قەبىلە ۋە قوشۇنغا مەسئۇل بولغان، مەرتىۋە ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى جەھەتتە يابغۇدىن تۆۋەن تۇرغان، ئەمما قاغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىلا بۇ مەرتىۋىگە نائىل بولغان. بۇ سۆزگە دىۋاندامۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى <قول> دېمەكتۇر. كېيىن بۇ سۆز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ باللىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. كېيىنچە، بۇ سۆز بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سۆز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، <قارچىغا تېگىن>، <كۈچلۈك تېگىن> دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياب ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ

كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ <قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق قىلدى> دەيتتى. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى. باشقىلار قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئېتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىر نەرسىنى قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى.» [19]

بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلغان بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاشلا شاھزادىلەرنىڭ نامى بولغان. قاراخانىيلار خانلىقىدا شاھزادىلەر نائىل بولىدىغان «ئالىپ تېكىن» (قەھرىمان، باتۇر شاھزادە)، «تۇڭا تېكىن» (قاپلاندەك شاھزادە)، «بۆرە تېكىن» (بۆرىدەك شاھزادە) «ياغان تېكىن» (پىلدەك شاھزادە)، «توغرۇل تېكىن» (لاچىندەك شاھزادە) «ئارسلان تېكىن» (شىردەك شاھزادە) دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك پەخرىي ئۇنۋان ۋە ئاتاقلار بولغان[20] بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «شاھزادە، شاھ ئوغلى.» [21]

**يابغۇ:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يابغۇ قاغاندىن تۆۋەن ئەمما بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىر خىل ئەمەل بولۇپ، كۆپىنچە قاغاننىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قاغان بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلار بۇ ئەمەلگە قويۇلغان. بۇ خانلىقتا يابغۇلار ئوڭ يابغۇ ۋە سول يابغۇ دەپ ئايرىلغان، ئۇلار ئوڭ شاد ۋە سول شادلار بىلەن بىللە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغان، شۇڭا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدە ئۇچراش بىلەن بىرگە يەنە «ئوڭ يابغۇ» ۋە «سول يابغۇ» دېگەندەك شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» شەرقىي يۈزى 27 ـ، 28 ـ قۇرلاردا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «تۈرگىش بودۇنۇغ ئۇدا باسدىم. تۈرگىش قاغان سۈسى ئوتچا بورچا كەلتى. بولچۇدا سۈڭۈشدۈمىز. قاغانىن، يابغۇسىن، شادىن ئانتا ئۆلۈرتۈم، ئىلىن ئانتا ئالدىم.» يەنى: «تۈركەش خەلقىنى ئۇيقۇدا باستىم. تۈركەش خاقانىنىڭ قوشۇنى ئوت ۋە بوراندەك باستۇرۇپ كەلدى. بولچۇدا ئۇرۇشتۇق. (تۈركەشلەرنىڭ) قاغانىنى، يابغۇسىنى (ۋە) شادىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم، دۆلىتىنى شۇ يەردە بېسىۋالدىم.»[22] بۇ نام دىۋاندا مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئاددىي خەلقتىن بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان.»[23]

بۇ خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامى قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتە ھەربىي قوماندانلارغا مۇشۇ خىل نام بېرىلگەن. بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «قەدىكى تۈركىي خەلق ھەربىي ئەمەل ناملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سول قول ۋەزىرگە تەڭ كېلىدۇ.» [24]

**شاد:** بۇ ئەمەل يابغۇدىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ئەمەل بولۇپ، يابغۇغا ئوخشاش ئوڭ شاد ۋە سول شاد دەپ ئايرىلغان ھەمدە يابغۇلار بىلەن بىرلىكتە خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى زېمىنلارغا جايلاشقان قەبىلىلەرگە قاغان تەرىپىدىن ئەۋەتىلىپ، شۇ جايلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلىپ سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن. بۇ ھەقتە «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 15 ـ قۇردا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «تۆرت يەگىرمى ياشىمقا تاردۇش بۇدۇن ئۈزە شاد ئولۇرتۇم...» يەنى: «ئون تۆرت يېشىمدا تاردۇش جەلقىگە شاد بولۇپ ئولتۇردۇم....»[25] «مەن توقۇز يەگىرمى يىل شاد ئولۇتتۇم، توقۇز يەگىرمى يىل قاغان ئولۇرتۇم، ئىل تۇتدۇم.» يەنى: «مەن توققۇز يىل شاد بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈم، ئون توققۇز يىل قاغان بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈم، دۆلەتنى باشقۇردۇم.»[26] يۇقىرقى بايانلار بىلگە قاغاننىڭ بايانلىرى بولۇپ، بىلگە قاغان كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىق ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن تاردۇش قەبىلىسىگە شاد بولغان، بۇنىڭدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، شادلىققا ئاساسەن تېكىنلەر تەيىنلەنگەن. بۇ نام دىۋاندا

ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇ ئىزاھلانمىغان.

ئىلىگ(ئىلىك): بۇ نام قاغانلارنىڭ نامى بولۇپ، دۆلەت باشلىقى، ھۆكۈمدارلار ئىلىگ دەپ ئاتالغان، ئەمما بۇ نام مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. « كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 3 ـ قۇردا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « ئەچىم قاغان ئىلى قامشاغ بولتۇقىنتا، بودۇن ئىلىگ ئىكەگۇ بولتۇقىنتا، ئىزگىل بودۇنى بىرلە سۇڭۇشدۇمىز. » يەنى: « تاغام قاغان دۆلىتى تەۋرەپ قالغاندا، خەلق بىلەن ھۆكۈمدار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە، ئىزگىل خەلقى بىلەن ئۇرۇشتۇق. »[27] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**خان(قان):** بۇ نام قاغان، خاقان، ئىلىك قاتارلىق ناملار بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىگىسى، دۆلەت باشلىقى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ نامىدۇر. بۇ سۆزمۇ مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى » نىڭ غەربىي يۈزى ئىككىنچى قۇردا مۇنداق يېزىلغان: « تۈرك بودۇن، قانىن بۇلمايىن تابغاچدا ئادرىلتى، قانلانتى: قانىن قودۇپ تابغاچقا يانا ئىچىكتى. » يەنى: « تۈرك خەلقى، (ئۆز) خانىنى تاپالمىغاندىن كېيىن تابغاچتىن ئايرىلدى: خان ئىگىسى بولدى: (ئەمما) خانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا بېقىندى. »[28] بۈگۈندىن ئىلگىرىكى خانىنىڭ بىر دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نام دىۋاندا مۇنداق ئىزاھلانغان: « تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ <خان> دېيىلىدۇ. ئافراسىياپنىڭ ئۆزى <خاقان> دېيىلىدۇ. »[29] بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىزچىل قوللىنىلغان بولۇپ، « قاراخان »، « بۇغراخان »، « ئارسلانخان »، « تابغاچخان »، « ئېلىكخان »، « قادىرخان » « قىلىچخان » قاتارلىق ناملار بولغان.[30] بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « جۇڭگو ۋە باشقا شەرق مەملىكەتلىرىدە، ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە خانلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەتلەق ھۆكۈمراننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەل نامى ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشى. »[31]

**ئايۇق:** بۇ قاغاننىڭ خاس مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان نامدۇر. بۇ نام « كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى » دا ئۇچرايدۇ. يەنى بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ غەربىي يۈزىدە مۇنداق بايانلار بار: « ئىنىم كۆل تىگىن ....ئىشىغ كۈچۈگ بىرتۈك ئۈچۈن، تۈرك بىلگە قاغان ئايۇقىڭا(؟)، ئىنىم كۆل تىگىنىگ كۆزەدۇ ئولۇرتۇم. » يەنى: « (ئىنىم كۆل تىگىن ....ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي) خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك بىلگە قاغان مۇلىكىگە(؟)، ئىنىم كۆل تىگىننى ھىمايە قىلىپ ھۆكۈمدار بولۇپ ئولتۇردۇم. »[32] بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامىدۇر.[33] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**بىلگە:** بۇ قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، قاغانغا يول كۆرسىتىدىغان دانىشمەن مەسلىھەتچىگە بېرىلىدىغان ئاتاق بولۇپ، مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى » نىڭ غەربىي يۈزى يەتتىنچى قۇردا مۇنداق يېزىلغان: « بىلگە تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تاقان بىرلە ئىلتەرىش قاغان بولۇيىن بىريە تابغاچىغ، ئۆڭرە قىتانىغ، يىريا ئوغۇزوغ ئۈكۈش ئۆك ئۆلۈرتى. بىلگەسى چابىشى بەن ئۆك ئەرتىم. » يەنى: « بىلگە تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تارقان سايىسىدە ئىلتەرىش قاغان بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبتا تابغاچلارنى، شەرقتە قىتانلارنى، شىمالدا ئوغۇزلارنى بەك كۆپ ئۆلتۈردى. مەسلىھەتچىسى ۋە قوماندانى مەن ئىدىم. »[34] يۇقىرقى بايانلار تۇنيۇقۇقنىڭ بايانلىرى بولۇپ، تۇنيۇقۇق ئەينى چاغدا شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن ئېلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغان قاتارلىق ئۈچ قاغانغا باش ۋەزىر ۋە ئەقىلدار (مەسلىھەتچى) بولغان دانا سىياسىيون. ئۇ يۇقىرىدا ئېلتەرىش قاغاننىڭ بىلگەسى (مەسلىھەتچىسى) ھەم چابىشى(باش قوماندان) بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ نام يەنە « بىلگە قاغان » شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرايدىغان بولۇپ، مۇنداق ئىزاھلانغان: «

هېكىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، ئالىم، بىلىمدان، ئاقىل. بۇ سۆز <بىلگە بەگ> دەپ ئەرلەرنىڭ ئېتىمۇ بولۇپ كېلىدۇ. بۇ <بىلىملىك بەگ> دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر خانى <كۆل بىلگە خان> دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەقلى سۇ يىغىلىدىغان يەرگە، يەنى كۆلگە ئوخشاش كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەقىللىق كىشى <بۆگۈ بىلگە> دەپ ئاتىلىدۇ. » [35] بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەئىزاھات بېرىلمىگەن.

**<u>چابىش:</u>** لەشكەر باشلىقى، يەنى باش قوماندان چابىش نامى بىلەن ئاتالغان، ئەمما سۇ باشى بىلەن چابىشنىڭ قانداق پەرقلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم چابىش چوڭراق قوماندانلارغا، سۇ باشى كىچىكرەك قوماندانلارغا بېرىلىدىغان نام بولۇشى مۇمكىن. « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » غەربىي يۈزى يەتتىنچى قۇردا مۇنداق يېزىلغان: « بىلگە تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تاقان بىرلە ئىلتەرىش قاغان بولۇيىن بىريە تابغاچىغ، ئۆڭرە قىتانىغ، يىريا ئوغۇزۇغ ئۇكۇش ئۆك ئۆلۈرتى. بىلگەسى چابىشى بەن ئۆك ئەرتىم. » يەنى: « بىلگە تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تارقان سايىسىدە ئىلتەرىش قاغان بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبتا تابغاچلارنى، شەرقتە قىتانلارنى، شىمالدا ئوغۇزلارنى بەك كۆپ ئۆلتۈردى. مەسلىھەتچىسى ۋە قوماندانى مەن ئىدىم. »[36] بۇ يەردە تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تارقاننىڭ مەسلىھەتچىسى(بىلگە) ۋە قوماندانى(چابىش) مەن ئىدىم دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، « چابىش » دېگەن بۇ ئەمەل نامى « سۇ باشى » دېگەن ئەمەل نامىدىن بىرقەدەر چوڭراق بولغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۇنيۇقۇق بۇ يەردە ئېلتەرىش قاغاننىڭ سۇ باشىسى ئىدىم دەپ ئېيتماستىن، بەلكى ئېلتەرىش قاغاننىڭ بىلگەسى ۋە چابىشى ئىدىم دېگەن. چۈنكى تۇنيۇقۇق تۈرك خانلىقىدا ئېلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغان قاتارلىق ئۈچ قاغانغا باش ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بولغان، ھەمدە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەشھۇر سىياسىيون. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**<u>بەگ:</u>** بۇ نام ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ كۆپ قوللىنىلغان. بۇ نام ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز دىۋاندا مۇنداق ئىزاھلانغان: « خوتۇننىڭ ئېرى. ئۇ ئۆيدە بەگكە ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق دېيىلىدۇ. » [37] بەلكىم ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا، بەگلەرنىڭ ئىمتىيازى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل ھالدا بىر خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە قاراخانىيلار خانلىقىدا يەرلىكتىكى ئامانلىقنى ساقلاش، ئەدلىيە، باج يىغىش قاتارلىق مەمۇرىي ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدىغان ئەمەلدارلارغا مۇشۇ خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بېرىلگەن. بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « فېئودالىزىم دەۋرىدە شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىكى رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى. » [38]

**<u>قۇنچۇي:</u>** بۇ قاغانلارنىڭ قىزىغا، يەنى مەلىكىلەرگە بېرىلىدىغان نام بولۇپ، مەلىكىلەر قۇنچۇي نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ سۆزمۇ ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ نام دىۋاندا مۇنداق ئىزاھلانغان: « خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم ئاغىچا، مەلىكە. » [39] ئەمما بۇ نام ئىزاھلىق لۇغەتتەئىزاھلانمىغان.

**<u>تارقان(تارخان):</u>** بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقانلارنىڭ ئورنى خېلى يۇقىرى بولغان بولۇپ، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە تارقانلار مۇھىم روللارنى ئوينىغان، يەنە قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشلاردا قوماندانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خانلىققا قاراشلىق قەبىلە ۋە خەلقلەرگە تۇتۇق ئەۋەتىلىش بىلەن بىرگە تارقانلارمۇ ئەۋەتىلگەن. بۇ سۆز « بايانچۇر

www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ تىشى » دا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « چىك بودۇنقا تۇتۇق بىرتىم. ئىشبارا تارقات ئانتا ئانچۇلادىم. » يەنى: « چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم. » [40] بۇ سۆز ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدىمۇ « ئاپا تارقان »، « باغا تارقان »، « ئۇلۇغ باغا تارقان »، « ئىنانچۇ باغا تارقان » قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ نامۇ قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە يەرلىك ئەمەل ـ مەنسەپ سۈپىتىدە ئىزچىل قوللىنىلغان. بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەري دىۋانىدا مۇنداق ئىزاھلىغان: « ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال <بەگ> مەنىسىدىكى بىر مەنسەپ نامى. »[41] بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئالۋان ـ ياساق، سېلىق ۋە ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنغان ئىمتىيازلىق قەبىلە، كىشى ياكى مەنسەبدار. »[42]

**بۇيرۇق:** بۇ قاغاننىڭ بۇيرۇق، يارلىق ۋە پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەمەل نامىدۇر. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇيرۇق ئىچكى بۇيرۇق ۋە تاشقى بۇيرۇق دەپ ئايرىلغان، ئىچكى بۇيرۇق ئۈچ كىشىدىن، تاشقى بۇيرۇق ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇ تۈزۈم كۆكتۈرك خانلىقىدىمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، بەلكىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۇ تۈزۈمنى كۆكتۈرك خانلىقىغا تەقلىد قىلىپ قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. « بۇيرۇق » سۆزى ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « كۆل تېگىن مەڭگۈ تىشى » نىڭ شەرقىي يۈزى ئۈچىنچى قۇرىدا مۇنداق بايانلار بار: « بۇيرۇقى يەمە بىلگە ئەرمىش ئەرىنچ، ئالىپ ئەرمىش ئەرىنچ. » يەنى: « (قول ئاستىدىكى) قوماندانلىرىمۇ ئەقىللىق ھەم جەسۇر ئىكەن، شۈبھىسىز. »[43] بۇ نام دىۋانىدا مۇنداق ئىزاھلانغان: « خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي ـ جايىغا ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى، پەرمانچى. »[44] بۇ سۆز مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدىمۇ « ئىچ بۇيرۇق »، « ئۇلۇغ بۇيرۇق » دېگەندەك شەكىللەردىمۇ ناھايىتى كۆپ جايلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ دىۋاندا ئىزاھلانغىنىدىن قارىغاندا، بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدا داۋاملىق قوللىنىلغان بولۇپ، باش ۋەزىر مۇشۇ خىل نام بىلەن ياكى « يۇغۇرۇش » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ھەمدە قاغاندىن قالسىلا ئەڭ يۇقىرى ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بولۇپ ھېسابلانغان. [45]

**ئىشبارا:** بۇمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان بىر خىل ھەربىي ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن زادى قانداق ئەمەل ئىكەنلىكى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز توغرىسىدا « كۈل تېگىن مەڭگۈ تىشى » نىڭ شەرقىي يۈزى 32 ـ ،33 ـ قۇرلىرىدا مۇنداق بايانلار بار: « بىت ئوتۇز ياشىڭا چاچا سەنگۈنكە سۈڭۈشدۈمىز. ئەڭ ئىلىكى تادىقىڭ چورىڭ بوز ئاتىغ بىنىپ تەگدى. ئول ئات ئانتا ئۆلتى. ئەكىنكى ئىشبارا يامتار بوز ئاتىغ بىنىپ تەگدى. ئول ئات ئانتا ئۆلتى. » يەنى: « (كۈل تېگىن) يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا، سانغۇن چاچا بىلەن سوقۇشتۇق. (كۈل تېگىن) دەسلەپ تادىق چۇرنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا يامتارنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇ ئاتمۇ ئۇ يەردە ئۆلدى. »[46] يۇقىرقى بايانلاردا « ئىشبارا يامتار » دېيىلگەن بولۇپ، « يامتار » مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىسمى بولسا، « ئىشبارا » بەلكىم شۇ شەخسنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ نامىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. دىۋاندا بۇ سۆز ھەققىدە مەلۇمات يوق، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**ئايغۇچى:** بۇ قاغاننىڭ ئوردا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسىگە بېرىلىدىغان نامدۇر. بۇ ھەقتە « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تىشى » دا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « ئازكىنيا تۈرك بودۇن يورىيۇر ئەرمىش. قاغانى ئالىپ ئەرمىش، ئايغۇچىسى بىلگە ئەرمىش. » يەنى: « ئازغىنە تۈرك خەلقى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ، قاغانلىرى جەسۇر ئىكەن، سۆزچىلىرى ئەقىللىق ئىكەن. »[47] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇ نام « تۇنيۇقۇق

مەڭگۈ تېشى » دا خېلى كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە بىلگەمۇ قاغاننىڭ ئەقىلدارى يەنى مەسلىھەتچىنىڭ نامى بولسا، ئايغۇچىمۇ ئوخشاشلا قاغانغا مەسلىھەت بېرىدىغان كىشىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىككى نامنىڭ قانداق پەرقلىنىدىغانلىقى، قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېنىق ئەمەس. دىۋاندا بۇ سۆز ھەققىدە مەلۇمات يوق، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇ ئىزاھلانمىغان.

**ئالپ:** بۇ ئۇرۇشلاردا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن جەسۇر، باتۇر، قەھرىمان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان بولسا كېرەك, چۈنكى بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى جەسۇر، باتۇر، قەھرىمان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نام ھەرقايسى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا خېلى كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئايرىم شەكىلدە ئۇچراش بىلەن بىرگە يەنە « ئالپ ئاغۇ »[48]، « ئالپ قاغان » قاتارلىق بىر قىسىم شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ نام دىۋاندا مۇنداق ئىزاھلانغان: « باتۇر، قەھرىمان. »[49] بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاش باتۇر، قەھرىمان لەشكەر باشلىرى ۋە قوماندانلارنىڭ پەخرىي ئۇنۋانى بولغان.[50] بۇ سۆز ئىزاھلىق لۇغەتتە ئىزاھلانمىغان.

يەلمە: بۇ نام ئۇرۇش مەزگىلىدە ياكى ئالاھىدە مەزگىللەردە ئەتراپنى ئاتلىق كۈزىتىپ تۇرىدىغان چارلىغۇچىلارنىڭ نامى بولۇپ، ئاتلىق كۈزەتچى ياكى ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 10 ـ قۇردا بۇ سۆز ئۇچرايدۇ، يەنى: « يەلمە قارغۇ ئەدگۈتى ئۇرگىل. باستىما! » يەنى: « ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى ۋە كۆزەتمە تۇرلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇر. (دۈشمەننىڭ) تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلان! »[51] بۇ سۆز « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى » دىمۇ كۆپ خېلى ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. دىۋاندا بۇ سۆز ھەققىدە مەلۇمات يوق، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇ ئىزاھلانمىغان.

تىل: بۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ، دۈشمەنلەر ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان تىڭتىڭچى ۋە خەۋەرچىلەرنىڭ نامى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلنى پايلاقچى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » ئىككىنچى تاشنىڭ غەربىي يۈزى بىرىنچى قۇردا بۇ سۆز ئۇچرايدۇ، يەنى: « ....تىلىغ كەلۈرتى.... » يەنى: « (بۇ ئارىلىقتا بىر) خەۋەرچى تۇتۇپ كەلدىلەر. »[52] ئۇنىڭدىن باشقا « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى » دىمۇ بۇ سۆز كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز ھەققىدە دىۋاندا مەلۇمات يوق، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇ ئىزاھلانمىغان.

**ياغىچى:** بۇ ئۇرۇشلاردا جەڭگە ئاتلىنىدىغان، جەڭ مەيدانلىرىدا جەڭ قىلىدىغان جەڭچى، كۈرەشچىلەرنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى « ياغى » دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « ئۇرۇش، سوقۇشۇش، جەڭ » دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. بۇ سۆزمۇ « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » ئىككىنچى تاشنىڭ جەنۇبىي يۈزى بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قۇرلىرىدا ئۇچرايدۇ، يەنى: « .... ئانتا ئايغۇچىسى يەمە بەن ئۆك ئەرتىم، ياغىچىسى يەمە بەن ئۆك ئەرتىم. » يەنى: « مۇشۇ جەرياندا سۆزچىسىمۇ مەن ئىدىم، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغۇچىمۇ مەن ئىدىم. »[53] بۇ سۆز ھەققىدە دىۋاندا مەلۇمات يوق، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇ ئىزاھلانمىغان.

**تۇتۇق:** قاغان تەرىپىدىن قارام قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل ياكى ھۆكۈمرانىنىڭ نامى بولۇپ، قارام قەبىلىلەرنى خانلىقتا ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان كىشى ئادەتتە مۇشۇ خىل نام بىلەن ئاتالغان، شۇڭا تۇتۇقنى ۋالىي دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەمەل نامى تۇدۇن دېگەن ئەمەل نامى بىلەن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقى ياكى بۇ ئىككى نام بىر خىل ئەمەل نامىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشىمۇ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ تازا ئېنىق ئەمەس. « بايانچور مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « لاغزىن يىلقا توقىدىم.... تاي بىلگە تۇتۇقۇغ يابغۇ ئاتادى. ئانتاكىسرە قاڭىم قاغان ئۇچدى. » يەنى: « توڭگۇز يىل (747 ـ يىلى)دا، تارمار قىلدىم.... تاي بىلگە تۇتۇقنى يابغۇ (دەپ) ئاتىدى، كېيىن ئاتام خاقان قازا تاپتى. »[54] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما بۇ سۆزگە

www.uyghurkitap.com

ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « تۇتۇق: خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي زېمىندا تەسىس قىلىنغان، ھەراۋۇل مەھكىمىسىدە مەمۇرىي ئىشلار ۋە مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. تۇتۇق بەگ: دۆلىتىمىزدە جەنگو دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل نامى، يەنى جياڭجۈندىن تۆۋەنرەك ھەربىي ئەمەلدار. بۇنى خەن، تاڭ، چىڭ سۇلالىرىمۇ قوللانغان.»[55]

**ئەلتەبىر:** بۇ نام بىر قەدەر چوڭراق بولغان قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئەلتەبىر دەپ ئاتالغان. بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدىمۇ « ئۇلۇغ ئەلتەبىر »، « ئالىپ ئەلتەبىر » قاتارلىق شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » نىڭ شەرقىي يۈزى 37 - قۇردا مۇنداق بايانلار بار: « ئۇيغۇر ئەلتەبىر يۈزچە ئەرىن ئىلگەرى تەزىپ باردى.... » يەنى: « ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلتەبىرى يۈزگە يېقىن ئادەم بىلەن شەققە قېچىپ كەتتى.... »[56] بۇ شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار خانلىققا قارشى چىققاندا، بىلگە قاغان قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرۈش قىلىپ ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغان چاغدىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار بولۇپ، تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار خانلىققا قارام بولغان چوڭ قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەلتەبىر تەيىنلەنگەن. بۇ سۆز دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**ئېركىن(ئىركىن):** بىر قەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي ئەمەل نامى بولۇپ، ئادەتتە بىر قەدەر كىچىكرەك قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا مۇشۇ خىل ئەمەل بېرىلگەن. بۇ نام « كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ شەرقىي يۈزى 34 - قۇرىدا ئۇچرايدۇ. يەنى: « ئانتا كىسرە، يىر بايىرقۇ ئۇلۇغ ئېركىن ياغى بولتى. ئانى ياڭىپ تۈرگى يارغۇن كۆلتە بۇزدۇمىز. ئۇلۇغ ئېركىن ئازقىنيا ئەرىن تەزىپ باردى. » يەنى: « ئاندىن كېيىن، يىر بايىرقۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئېركىنى (بىزگە) دۈشمەن بولدى. ئۇنى يېتىرتىپ تۈرگى يارغۇن كۆلدە تارمار قىلدۇق. ئۇلۇغ ئېركىن ئازغىنا ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. »[57] بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدىمۇ « ئۇلۇغ ئېركىن » شەكلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**تويقان:** بۇ نام خان ئوردىسىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ھەمدە بارگاھ قوماندانلىرىغا بېرىلىدىغان نام بولۇپ، تويقان يەنە قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ سانىغا قاراپ بەش مىڭ باشى، مىڭ باشى، توققۇز يۈز باشى، بەش يۈز باشى، يۈز باشى دېگەندەك كىچىك ئەمەللەرگە ئايرىلغان. تويقان، بەش مىڭ باشى، مىڭ باشى، توققۇز يۈز باشى، بەش يۈز باشى، يۈز باشى دېگەن بۇ ناملار « تىرخىن مەڭگۈ تېشى » دا خېلى جىق ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەر دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**بەش مىڭ باشى:** بۇ بىر خىل تويقان بولۇپ، بەش مىڭ لەشكەرگە باش بولغان تويقانغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ. ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**مىڭ باشى:** بۇ بىر خىل تويقان بولۇپ، مىڭ لەشكەرگە باش بولغان تويقانغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامىدۇر. « بايانچور مەڭگۈ تېشى » دا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « قاڭىم كۆل بىلگە قاغان....سۇ يورىدى، ئۆزۈمىن ئۆڭرە بىڭا باش ئىتتى.... » يەنى: « ئاتام كۆل بىگە قاغان.... قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى.... »[58] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**توققۇز يۈز باشى:** بۇ بىر خىل تويقان بولۇپ، توققۇز يۈز لەشكەرگە باش بولغان تويقانغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**بەش يۈز باشى:** بۇ بىر خىل تويقان بولۇپ، بەش يۈز لەشكەرگە باش بولغان تويقانغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

يۈز باشى: بۇ بىر خىل تويقان بولۇپ، يۈز لەشكەرگە باش بولغان تويقانغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ،

ئەمما بۇ سۆزگە ئىزاھلىق لۇغەتتەمۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « (1) يۈز ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.(2) يېزىلاردا يۈز ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى، ئاقساقال. »[59]

**سۇباشى(سۇ باشى):** بۇ ئەمەل نامىمۇ چابىشقا ئوخشاشلا لەشكەر باشلىق ياكى قوشۇن باشلىقلىرىغا بېرىلىدىغان بىر خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامىدۇر. چۈنكى « سۇ » دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « قوشۇن، ئەسكەر، لەشكەر » دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ نام « بايانچور مەڭگۈ تېشى » ۋە « تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » دا خېلى كۆپ جايلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى » دا مۇنداق بايانلار بار: « تۈمەن قوني قالمىس سۇ باشى بەن....ئەلتەبەر بىلگ يونت تۈمەن قوني بەن تۆتدىم...كەلۈرتۈم. » يەنى: « قوشۇن قوماندانى مەن....ئەلتەبەر، مەن مىڭ يىلقا، بىر تۈمەن قوينى تۇتتۇم....كەلتۈردۈم. »[60] « تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 7 ـ قۇرىدىمۇ بۇ نام ئۇچرايدۇ.[61] بۇ خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامى قاراخانىيلار خانلىقىدا « سانغۇن »، « باش قوماندان » مەنىسىدە داۋاملىق قوللىنىلغان.[62] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**چۇر(چور):** بۇ قوشۇن سەركەردىلىرىغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامىدۇر. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكلىدىمۇ « ئىنانچۇ چۇر » شەكلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 13 ـ قۇرىدا مۇنداق بايانلار بار: « قىرغىز قاغانتا تاردۇش ئىنانچۇ چور كەلتى. » يەنى: « قىرغىز قاغانىدىن تاردۇش ئىنانچۇ چور كەلدى. »[63] چۇر دېگەن بۇ نام توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار، بەزىلەر « بايانچۇر »، « مويۇنچۇر »، « كۈلچۇر »، « بەگچۇر » دېگەن ناملارنىڭ ئالدىكى « بايان »، « مويۇن »، « كۈل »، « بەگ » دېگەنلەر مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمى بولسا، كەينىدىكى « چۇر » ئۇنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى دەپ

قارايدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**سانغۇن:** بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا « سەنگۈن » شەكلىدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئايرىم شەكلىدىمۇ « ئۇلۇغ سەنگۈن »، « چابىش سەنگۈن » قاتارلىق بىر قانچە خىل شەكىللەردىمۇ خېلى كۆپ جايلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ نام ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چابىشلارغا، يەنى قوشۇن باشلىقلىرى ۋە ئالىي ھەربىي قوماندانلارغا بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**ئاپا:** بۇ قوشۇن قوماندانلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ سۆز ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئاساسەن ئايرىم بىر شەكىلدە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى كۆپىنچە « ئاپا تارقان » شەكلىدە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ سۆز « تارقان » سۆزىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، تارقانلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنۋانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**ئاپا تارقان:** بۇ نام تارقانلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىغا بېرىلىدىغان نامدۇر، يەنى « ئۇلۇغ قوماندان »، « چوڭ قوماندان » دېگەنلىك بولىدۇ. « تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 10 ـ قۇردا مۇنداق بايانلار بار: « بۆگۈ قاغان باڭارۇ ئانچا يىدمىش. ئالىپ تارقانغارۇ ئىچرە ساب ئىدمىش. » يەنى: « بۆگۈ قاغان، ماڭا مۇشۇنداق (خەۋەر) ئەۋەتىپتۇ. ئاپا تارقانغا (بولسا) مەخپىي خەت ئەۋەتىپتۇ.... »[64] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**باغا:** بۇمۇ ئاپاغا ئوخشاش تارقانلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋاندۇر. چۈنكى ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا بۇ نام ئاساسەن يەككە ھالدا ئۇچرىمايدۇ، ئاساسەن « باغا تارقان » شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « كۈلۈگ باغا تارقان »، « بىلا باغا تارقان » قاتارلىقلار. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**<u>باغا تارقان:</u>** بۇ نام تارقانلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، ئاپا تارقاندىن كىچىكرەك بولغان تارقانلارغا بېرىلگەن. يەنى ئاپا تارقان « چوڭ تارقان » ياكى « چوڭ قوماندان »، باغا تارقان « كىچىك تارقان » ياكى « كىچىك قوماندان » دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

ئىنانچۇ: بۇ قاغاننىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچلىك، قاغانغا سادىق ۋەزىر ـ ئەركانلارغا بېرىدىغان ئۇنۋان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇ نام « ئىشەن، ئىشەنچ، ئىشىنىش، ئىشەنمەك » مەنىسىدىكى « ئىنان » دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئايرىم شەكىلدىمۇ، « ئىنانچۇ چۇر »، « ئىنانچۇ ئاپا تارقان »، « ئىنانچۇ باغا تارقان »، « ئىنانچۇ ئاپا يارقان تارقان » دېگەندەك كۆپلىگەن شەكىللەردىمۇ ھەرقايسى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئەمما ئىزاھلىق لۇغەتتەبۇ نامغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: « قەدىمكى مەنسەپ ياكى ھۆرمەت نامى. »[65]

**<u>شاداپىت:</u>** بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا كۆپىنچە « شاداپىت بەگلەر » دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلارغا ۋە قەبىلىلەرگە نازارەتچىلىككە ئەۋەتىلگەن يابغۇ، شاد، ئەلتەبىر، ئېركىن قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپدارلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » نىڭ جەنۇبىي يۈزى بىرىنچى قۇرىدا مۇنداق بايانلار بار: « ....بىرىيە شاداپىت بەگلەر، يىرىيا تارقات بۇيرۇق بەگلەر.... » يەنى: « ....ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگلەر، سول تەرەپتىكى تارقان (ۋە) قوماندان بەگلەر.... »[66] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

بۆلۈن: بۇمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان يىراق ـ يېقىندىكى قوشنا ئەللەرگە تاشقى سىياسەت ئىشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن قاغانغا ۋاكالىتەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەلچىلەرنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن. بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. « كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى 13 ـ قۇرىدا مۇنداق بايانلار بار: « تۈپۈت قاغانتا بۆلۈن كەلتى. » يەنى: « تىبەت قاغانىدىن (ئۇنىڭ ۋەكىلى بولۇپ) بۆلۈن كەلدى. »[67] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ, ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**<u>تامغاچى:</u>** بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مەخسۇس قاغان تامغىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تامغا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنىڭ نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، لېكىن مەھمۇد كاشغەرىي دىۋاندا، « تامغا » دېگەن سۆزگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېگەن: « خاقان ۋە باشقىلارنىڭ تامغىسى. »[68] مۇشۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا ئىشلىتىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تامغا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە مەخسۇس تامغا ـ مۆھۈر ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەل تامغاچى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاشلا ئەسلىي مەنىسىدە داۋاملىق قوللىنىلغان. بۇ نام توغرىسىدا ئىزاھلىق لۇغەتتە ئىزاھات يوق.

**<u>يالاباچ:</u>** قوشنا ئەل، يات قەۋم ياكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەرگە بېرىلىدىغان ئەمەل نامى بولۇپ، « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » دا مۇنداق بايانلار بار: « يالاباچى، ئەدگۈ سابى ئۆتۈگى كەلمەز تىيىن يايىن سۈلەدىم. » يەنى: « ئەلچىسى، ياخشى خەۋىرى (ۋە) ئۆتۈنۈشلىرى كەلمەيۋاتىدۇ دەپ، يازدا قوشۇن تارتتىم. »[69] بۇ سۆز دىۋاندا « يالاۋاچ » شەكلىدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، مۇنداق ئىزاھلانغان: « ئەلچى، پەيغەمبەر. »[70] بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى قاراخانىيلار خانلىقىدا داۋاملىق قوللىنىلغان.[71] بۇ نام ئىزاھلىق لۇغەتتە ئىزاھانمىغان.

**<u>تۇدۇن:</u>** قاغان تەرىپىدىن خانلىققا تەۋە قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىل بولۇپ، بۇ ئەمەلگە مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە

كىشىلەر تەيىنلەنگەن بولۇپ، يات ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن باج ـ سېلىق يىغىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. بۇ نام « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » دا پەقەت بىرلا يەردە، يەنى « يامتار تۇدۇن » دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**<u>بۇيلا:</u>** بۇ سۆز پەقەت « بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » دا بىر يەردىلا ئۇچرايدۇ، يەنى بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ شەرقىي يۈزى 14 ـ قۇرىدا مۇنداق بايانلار بار: « ....ئاپا تارقان باشلايۇ ئۇلايۇ شاداپىت بەگلەر، بۇ...ئاتامان تارقان، تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تارقان ئۇلايۇ بۇيرۇق.... » يەنى: « ئاپا تارقان باشلىق (پۈتۈن) شاداپىت بەگلەر، .....ئاتامان تارقان، تۇنيۇقۇق بۇيلا باغا تارقان ۋە قوماندانلار...»[72] مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بۇيلا دېگەن بۇ سۆزمۇ بىر خىل ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ سۆزنىڭ زادى قانداق بىر ئەمەل ـ مەنسەپ نامىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**<u>تىركىش:</u>** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مەخسۇس سودا كارۋانلىرى تەشكىللىنىپ قوشنا ئەل ۋە قوشنا خەلقلەرگە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، كارۋان ۋە خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر مۇشۇ خىل نام بىلەن ئاتالغان. بۇ نام « بىلگ قاغان مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى ئالتىنچى قۇرىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، « ئۆتۈكەن يەر ئولۇرۇپ ئارقىش تىركىش ئىسار، نەڭ بۇڭۇغ يوق. » يەنى: « ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ئولتۇرۇپ (بۇ يەردىن) كارۋانلار ئەۋەتسەڭ، ھېچقانداق دەردىڭ بولمايدۇ. »[73] بۇ نام توغرىسىدا دىۋاندا ھېچقانداق بىر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**<u>ئارقىش:</u>** بۇ نام تىركىشكە ئوخشاش كارۋان ۋە خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

يارغۇندا: بۇ ئەمەل دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان، تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدارغا بېرىلىدىغان نام. شۇڭا يارغۇندانى كېڭەش ۋەزىرى، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**<u>قام:</u>** بۇ سۆز باخشى سۆزى بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا شامان دىنى ئۆلىمالىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**بۆرە:** ئوردا نەۋكەرلىرى ۋە ياساۋۇللار بۆرە دەپ ئاتالغان. بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا يەنە « بۆرى » شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەمما كۆپىنچە ئورۇنلاردا ھايۋان نامىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بەلكىم ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بۆرىدەك باتۇر، قورقماس جەسۇرلۇقىغا قاراپ، ئۇلارغا مۇشۇ خىل نام بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆز دىۋاندا ئۇچرايدىغان بولۇپ، ھايۋان نامىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئىزاھلانغان، ئەمما ئوردا نەۋكەرلىرى ۋە ياساۋۇللارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئىزاھلانمىغان، بۇ خىل مەنىسى توغرىسىدا ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات بېرىلمىگەن.

**<u>تۇرغاق:</u>** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھاپىزەتچى نەۋكەرلەر تۇرغاق نامى بىلەن ئاتالغان. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**<u>تۇرغاق باشى:</u>** بۇ مۇھاپىزەتچى نەۋكەرلەرنىڭ باشلىقىغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ نامىدۇر. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

**<u>ئايماق بېگى:</u>** بۇ ھەرقايسى ئايماقلارغا قاغان تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان، شۇ ئايماقنىڭ تۈرلۈك ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىگە بېرىلىدىغان ئەمەل نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نام قاراخانىيلار خانلىقىدا « ئايماقدار » دېگەن شەكىلدە قوللىنىلغان. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات يوق.

ئارقۇي قاراغ: بۇ نام « تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » دا پەقەت بىرلا ئورۇندا ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇردا قاراۋۇلىنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن. بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھات بېرىلمىگەن.

**يارقان:** بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەمما بۇ ئەمەلنىڭ قانداق دەرىجىدىكى ئەمەل - مەنسەپ ئىكەنلىكى دىگەندەك ئېنىق ئەمەس. چۈنكى بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، « كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ غەربىي يۈزىدە ئۇچرايدۇ، يەنى: « ئىنانچۇ ئاپا يارقان تارقان ئاتىغ بىرتىم، ئاتى ئۆگتۈرتۈم. » يەنى: « (ئۇنىڭغا) ئىنانچۇ ئاپا يارقان تارقان ئۇنۋانىنى بەردىم، (ئۇنى)مەدھىلەت(تىم). »[74] بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھلانمىغان.

**دورغاپ:** بۇمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان بىر خىل ئەمەل - مەنسەپ نامىدۇر، ئەمما بۇ ئەمەلنىڭ قانداق دەرىجىدىكى ئەمەل - مەنسەپ ئىكەنلىكى دىگەندەك ئېنىق ئەمەس. چۈنكى بۇ نام مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ نام دىۋاندا ئۇچرىمايدۇ، ئىزاھلىق لۇغەتتىمۇئىزاھانمىغان.

## 5. قىسقىچە خۇلاسە

يۇقىرىقى ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى ئاساسەن ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە دىۋاندا ئۇچرايدىغان ئەمەل - مەنسەپلەر ناملىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قاغان، خاقان، قاتۇن، تېكىن، يابغۇ، شاد، ئىلىك، خان، ئايۇق، بىلگە، چابىش، بەگ، قۇنچۇي، تارقان، بۇيرۇق، ئىشبارا، ئايغۇچى، ئالىپ، يەلمە، تىل، ياغچى، تۇتۇق، ئەلتەبىر، ئىركىن، تويقان، بەش مىڭ باشى، مىڭ باشى، توققۇز يۈز باشى، بەش يۈز باشى، يۈز باشى، سۇ باشى، چۈر، سانغۇن، ئاپا، ئاپا تارقان، باغا، باغا تارقان، ئىنانچۇ، شاداپىت، بۆلۈن، تامغاچى، يالاباچ، تۇدۇن، بۇيلا، تىركىش، ئارقىش، يارغۇندا، قام، بۆرە، تۇرغاق، تۇرغاق باشى، ئايماق بەگى، ئارقۇي قاراغ، يارقان، دورغاپ قاتارلىق ئەمەل - مەنسەپ نامىدىن جەمئىي 55 ى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھاتلار بېرىلىپ ئۆتۈلدى. گەرچە بۇ ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا بولسۇن ياكى دىۋاندا بولسۇن، بۇ ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنىڭ زادى قانداق بىر ئەمەل - مەنسەپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر مەلۇماتلار ئۇچرىمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ زادى قانداق بىر ئەمەل - مەنسەپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈلمىدى. يەنە بۇ دەۋردە قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى مەيلى مەركەزدە بولسۇن مەيلى يەرلىكتە بولسۇن، ئەمەل - مەنسەپلەر دەرىجە جەھەتتىن پەرقلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتلەردىن ئېنىق ئايرىلمىغان، يەنى بىر خىل ئەمەلنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەمەلدار ھەم ھەربىي ھەم مەمۇرىي ھوقۇقلارنى تەڭ يۈرگۈزگەن، شۇ سەۋەبلىك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنى ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتلەردىن تۈرگە ئايرىش بىرقەدەر مۈرەككەپ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ماقالىدە بۇ خانلىقتا قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىش، ئۇلارنىڭ قەيەردە ئۇچرايدىغانلىقى قاتارلىق بىر قىسىم مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن باشقا، بۇ دەۋردە قوللىنىلغان ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىنى ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىن تۈرگە ئايرىپ كۆرسىتىلمىدى. بۇ دەۋردە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى قوللىنىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇ ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى توغرىسىدا ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىكلىرى ۋە دىۋاندا ھېچقانداق بىر ئۇچۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەتقىق قىلىشقا ھەمدە ئۇلار توغرىسىدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز.

دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان يۇقىرقى ئەمەل ـ مەنسەپلىرىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بىرقەدەر مۇكەممەل ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرقى ئەمەل ـ مەنسەپناملىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ھەربىي ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ھەربىي تۈزۈم ئاساس قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ھەممە ئەمەل ـ مەنسەپدارلارنىڭ قولىدا ئاساسەن دېگۈدەك ھەربىي ھوقۇق بار بولغان، ئەمما مەيلى يۇقىرىدا بولسۇن ياكى تۆۋەندە بولسۇن خەلقنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان، يېزا ـ ئىگىلىك، چارۋىچىلىق دېگەندەك ساھەلەرنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەل ـ مەنسەپلەر تەسىس قىلىنمىغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىردەك يۇقىرىدا قاغان، بۇيرۇق قاتارلىقلار مەسئۇل بولغان بولسا، تۆۋەندە بولسا يابغۇ، شاد، تارقان، ئەلتەبىر، ئېركىن قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپتىكىلەر مەسئۇل بولغان. ھەربىي ئەمەل ـ مەنسەپلەر بىلەن مەمۇرىي ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئاساسەن بىر بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى ئېنىق ئايرىلمىغان. ئەمما بۇ خانلىقتا قوللىنىلغان ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى، كېيىنچە موڭغۇل يايلاقلىرىدا قۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ ۋە كېيىن ئۇيغۇرلار قۇرغان خانلىقلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈمى ئاساسىدا، قاغان، تېكىن، بۇيرۇق، يابغۇ، سۇ باشى، تامغاچى، تارقان، بەگ، يالاباچ، تورغاق، بۆرە، بىلگە، سانغۇن قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا داۋاملىق ئىزچىل تۈردە قوللىنىلغان.

ئىزاھات:

1 مەزكۇر كىتابنىڭ 166 ـ بەتتىن 196 ـ بەتكىچە بولغان ئارلىق.
2 مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 60 ـ بېتى.
3مەزكۇر كىتاب 54 ~ 56 ـ بەتلەر.
4 مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 3 ـ سانىنىڭ 141 ـ بېتى ۋە 4 ـ سانىنىڭ 65 ـ بېتى.
5 مەزكۇر كىتابنىڭ 161 ـ بېتىدىن 175 ـ بېتىگىچە.
6 مەزكۇ كىتابنىڭ 59 ـ بېتىدىن 64 ـ بېتىگىچە.
7 ئىسمايىل تۆمۈرى: « ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى » ناملىق كىتابنىڭ 52 ـ 54 ـ بەتلىرى.
8 « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابنىڭ 147ـ 150 ـ بەتلىرى.
9 مەزكۇر كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمى 28 ـ بەت.
10مەزكۇر كىتابنىڭ 59 ـ بېتى.
11مەزكۇر كىتابنىڭ 112 ـ، 113 ـ بەتلىرى.
12 مەزكۇر كىتابنىڭ 166 ـ بېتى.
13 مەزكۇر كىتابنىڭ 6 ـ بېتى.
14 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، 82 ـ بەت.
15 ئىزاھلىق لۇغەت 4 ـ توم، 111 ـ بەت.
16 ئىزاھلىق لۇغەت2 ـ توم، 809 ـ بەت.
17 ۋ.ۋ.بارتولد: « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە »، 52 ـ بەت.
18 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، 58 ـ بەت.
19 دىۋان بىرىنچى توم، 317 ـ بەت
20 « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »، 148 ـ بەت.
21 ئىزاھلىق لۇغەت 2 ـ توم، 433 ـ بەت
22 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، 96 ـ بەت.
23 دىۋان ئۈچىنچى توم، 714 ـ بەت.
24 ئىزاھلىق لۇغەت 6 ـ توم، 398 ـ بەت)
25 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، 88 ـ بەت.
26 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 106 ـ بەت.
27 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 64 ـ بەت.
28 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 112 ـ بەت.
29 دىۋان ئۈچىنچى توم، 806 ـ بەت.
30 « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابنىڭ 147 ـ 150 ـ بەتلىرى.
31 ئىزاھلىق لۇغەت 2 ـ توم، 822 ـ بەت.
32 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 70 ـ بەت.
33 نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن: « قاراخانىيلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەل تۈزۈمى »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 51 ـ بەت.
34 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 114 ـ بەت.
35 دىۋان بىرىنچى توم، 326 ـ بەت.
36 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 114 ـ بەت.
37 دىۋان ئۈچىنچى توم، 805 ـ بەت.
38 ئىزاھلىق لۇغەت 1 ـ توم، 437 ـ بەت.
39 دىۋان ئۈچىنچى توم، 869 ـ بەت.
40 ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: « قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » 112 ـ بەت
41 دىۋان بىرىنچى توم،331 ـ بەت.
42 « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » 2 ـ توم، 28ـ بەت.
43 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 46 ـ بەت.

44 دىۋان بىرىنچى توم، 286 ـ بەت.
45 نۇرۇللا مۇمىن يۇلغۇن: « قاراخانىيلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەل تۈزۈمى »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى » ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 48 ـ بەت.
46 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 58 ـ بەت.
47 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 114 ـ بەت.
48 « كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى » نىڭ شىمالىي يۈزى يەتتىنچى قۇر، تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 66 ـ بەت
49 دىۋان بىرىنچى توم، 43 ـ بەت.
50 نۇرۇللا مۇمىن يۇلغۇن: « قاراخانىيلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەل تۈزۈمى »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى » ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 53 ـ بەت.
51 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 124 ـ بەت.
52 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 124 ـ بەت.
53 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 128 ـ بەت.
54 ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: « قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » 110 ـ بەت.
55 ئىزاھلىق لۇغەت 2 ـ توم، 311 ـ بەت.
56 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 102 ـ بەت.
57 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 60 ـ بەت.
58 ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: « قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما »، 109 ـ بەت.
59 « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » 6 ـ توم، 671 ـ بەت)
60 ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: « قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما »، 114 ـ بەت.
61 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 122 ـ بەت.
62 « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابنىڭ 149 ـ بەت.
63 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 68 ـ بەت.
64 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 124 ـ بەت.
65 ئىزاھلىق لۇغەت 6 ـ توم، 362 ـ بەت.
66 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 38 ـ بەت.
67 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 68 ـ بەت.
68 « تۈركىي تىللار دىۋانى » بىرىنچى توم، 323 ـ بەت.
69 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 102 ـ بەت.
70 دىۋان ئۈچىنچى توم، 726 ـ بەت.
71 « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابنىڭ 150 ـ بەت.
72 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 108 ـ بەت.
73 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 74 ـ بەت)
74 تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى » 70 ـ بەت)

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
2. تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، مىللەتلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
3. مۇتەللىپ سىدىق، ئابلاجان مۇھەممەت: « قەدىمكى ھەربىي، مەمۇرىي ئاتالغۇلار ۋە دىنىي دەرىجە ئەمەل ناملىرى توغرىسىدا »، « مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى » (3 ـ ۋە 4 ـ سانى) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تۈزگەن ۋە 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان.
4. جورئەت سېيتۋالدى: « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلى ۋە ئەمەل ـ مەنسەپ نامى ھەققىدە »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى، 2006ـ يىللىق 3 ـ سان، 60 ـ بەت.
5. تۇرسۇن ئايۇپ: « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى »، مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
6. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: « قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
7. ئاپتورى: فەن ۋېنلەن، تەرجىمە قىلغۇچىلار: چۇ بەيچىڭ، كېرەم ھاشىم: « جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
8. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
9. ياڭ شېڭمىن: « قەدىمكى ئۇيغۇرلار »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
10. ليۇ زىشياۋ: « ئۇيغۇر تارىخى »، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى.
11. « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » نى يېزىش گۇرۇپپىسى: « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.
12. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » (1—6 توملىرى) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994ـ يىلى 9 ـ ئاي بىرىنچى بېسىلىشى.

**يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: نۇرگۇل تۇرسۇن**

# غەزەل

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي (2009)**

ئەلەم يۇتۇپ يۇردۇم ئۇزاق، ئۇچراشقاندا كۈلەرسەنمۇ؟
ناگانلاردا ئۇخلاپ قالسام، چۈشلىرىمگە كىرەرسەنمۇ؟
ۋىسالىڭچۈن ئېغىر كۈندە، ھەتتا تېخى زۇلمەت تۈندە،
يۇردۇم، شۇ كۈن— يېقىلغاندا، مېنى بىر رەت يۆلەرسەنمۇ؟
ياكى تېخى مەندىن تېنىپ، ھەمدە ئۆزگە يارنى سۆيۈپ،
ئاشۇرغانچە ئەلەملەرنى، قۇشۇپ ھەسرەت كېتەرسەنمۇ؟
ياكى گۈلۈم پىنھانلاردا، كۆز ياش تۆكۈپ ئۆكسىگەنچە،
ئويلاپ مېنى شۇ چاغ ئاخىر، نىقابىڭنى ئالارسەنمۇ؟
سەن سۆيگۈمگە ئىشەنمىدىڭ، يالقۇنىمنى كۆرەلمىدىڭ،
يۈرەك يېرىپ ۋولقان ئالسام، ئاندىن يېنىپ كۆيەرسەنمۇ؟
ھازىرقىدەك كۆرۈشمەيلا، ئۆتسە يىللار كۈتۈپ پەقەت،
سەنمۇ مەندەك ئىنتىزار بوپ، يورۇق تاڭنى تىلەرسەنمۇ؟
سېھىر بىلەن مەپتۇن قىلىپ، لەھزىدە بىر جېنىم ئېلىپ،
مەن دۇنيادىن يوقالغاندا، مۇرادىڭغا يېتەرسەنمۇ؟
ئالەم بىنا بولۇپ، ماڭا بىر رەت لوتفىمۇ قىلمىدىڭ،
ئاخىر زامان بولغاندىلا سەن سۆيگۈمنى كېزەرسەنمۇ؟
ئەقىل كىرىپ بويلىرىمز ئىگىلگەندە يا ئوقىدەك
ئوتلۇق بېقىپ شۇندا ئاخىر بۇ ھىجراننى ئۈزەرسەنمۇ؟
ئۇيغۇرۇڭنىڭ سېنى دەپلا ئۆتۈپ كەتتى قىران چېغى،
يەنە ساقلاي مەيلى لېكىن، ئەقىدەمنى بىلەرسەنمۇ؟
2008 ـ يىل 26 ـ يانۋار

**مۇھەررىر: توختىقارى نۇر (2008)**
**كوررېكتورى: ئايجامال ئېزىز(2011)**

# « سادا» بىلدۈرگۈسى

*ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن تەھرىراتىمىز ساۋاقداشلارغا تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرمەكچى:*

1. ئەسەر ئەۋەتكۈچى ۋورد (Word) ھۆججىتىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمى ياكى ئوقۇغۇچىلىق نومۇرى قىلىپ ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتىشى كېرەك. ئەسەر ئىچىگە ئىسمى ـ ئاتىسىنى تولۇق يېزىشى زۆرۈر. شۇنى قاتتىق ئەسكەرتىمىزكى ئىسمى ـ ئاتىسى تولۇق يېزىلمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.
2. ئىملادا ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى 2009 ـ يىلى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى » ئاساس قىلىنىدۇ.
3. خەت شەكلى بىردەك ALKATIP Basma بولۇشى لازىم. خەت چوڭلۇقى 16 بولسا بولىدۇ. خەت بېسىشنى باشلاشتىن بۇرۇن « ئوڭدىن باشلاش » كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتسىڭىز، سىزنىڭ خەت بېسىشىڭىزغىمۇ ياخشى، بىزنىڭ تەھرىرلىشىمىزگىمۇ ياخشى.
4. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى سىزىقچىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە بىردىن بوشلۇق قويۇلىدۇ.
5. دىيالوگلاردا سىزىق (ـ) بەلگىسى ( Shift) بېسىلىپ سىزىقچە بەلگىسى ئىككى قېتىم بېسىلىدۇ) قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر بوشلۇق بەلگىسى قويۇلىدۇ.




تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئاشۇ سەۋەنلىكلىرىم يۈرىكىمدە ئۇنتۇلماس بىر زېدە بولۇپ قالغانىدى.

مەن بۇ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم باسقاندىن باشلاپلا بىر ياخشى ئوقۇغۇچى بولالمىدىم. مەن يېزىدىن كەلگەنلىكىمدىن بەكمۇ نومۇس قىلاتتىم، ئەتىدىن - كەچكىچە سىنىپىمىزدىكى شەھەرلىك بىكار تەلەپ باللار بىلەن بىللە يۈرەتتىم، ئۇلار بىلەن بىللە دەرس تاشلاپ، بىليارت ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، بىللە كىنو كۆرۈپ، قىزلارنى قوغلىشاتتۇق.

ئەنە شۇ پەيتتە مەن ئاتا - ئانامنىڭ بىر دېھقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا قالغان ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ باشقىلاردىن نەچچە مىڭ يۇەننى ئارتۇق تۆلەيدىغانلىقىمنى، بۇ پۇللارنىڭ بولسا ئاتا - ئانامنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز غايەمنى، ئاتا - ئانامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، پەقەت لاغايلاپ يۈرۈش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزەتتىم.

ئاخىرى چاتاق چىقتى. ئۇ كۈنكى كېچە (خۇددى قازاننى دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك) ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. باشقىلار كەچلىك مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا مەن يەنە ئاشۇ بىكار تەلەپ ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە مەكتەپتىن قېچىپ چىقتىم. بىز كىنوخانىغا كىردۇق، كىيىن ۋېلسىپىت ئوغۇرلاپ ساقچىخانىغا كىرىپ قالدۇق. بىزنى مەكتەپ سىياسىي بۆلۈمىدىكى مۇئەللىملەر ساقچىخانىدىن ئېلىپ كىلىۋالدى.

ئىككىنچى كۈنى سىياسىي بۆلۈمدىكىلەر ئاتا - ئانامنى چاقىرىپ كېلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئاتا - ئانىسىنى چاقىرىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. مەندە نەدىمۇ ئۆيگە قايتىپ ئاشۇ جاپاكەش ئاتا - ئانامغا قاربغۇدەك يۈز ۋە جۈرئەت بولسۇن؟

قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قالغان شۇ پەيتتە يىراق بىر تۇغقىنىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مەن ئاشۇ يەڭگەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇنىڭدىن مەكتەپكە بېرىپ، مېنى مەكتەپتىن چېكىندۇرۋەتمەسلىكنى ئېيتىشنى، شۇنداقلا بۇ ئىشنى دادامغا بىلدۈرمەسلىكنى ئۆتۈندۈم. لېكىن بۇنىڭ قىلچىلىك پايدىسى بولمىدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ناھايىتى چۈشكۈن ھالەتتە ياتاقتا ياتاتتىم. كاللامنى: « ئەمدى مەكتەپتىن ھەيدىلىدىغان بولدۇم. قانداق قىلارمەن، دادامغا نېمە دەرمەن؟ قايسى يۈزۈم بىلەن ئۆيگە بېرىپ... » دېگەنگە ئوخشاش باش - ئاخىرى يوق خىياللار چىرمىۋالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا، (ئىشىكنىڭ) « غىچ » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئاپلا،دادام... دادام ئالدىمدا تۇرۇپتۇ! ئۇ ئۇچىسىغا يەنىلا مېنىڭ بۇرۇنقى ئاشۇ كونا كۆلرەڭ چاپىنىمنى كىيۋالغان بولۇپ، لاي - پاتقاق بېسىپ كەتكەن لاتا ئايىغىدىن، ئۇنىڭ ئاشۇ يىراق تاغ يوللىرىنى پىيادە بېسىپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

دادام ئۈندىمىدى، ئۇنىڭ سۈكۈت ئىچىدىكى ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان

ئەشۇ كۆزلىرىدىن، يۈرىكىنىڭ قانچىلىك مۇجۇلغان، قانچىلىك غەزەپلەنگەنلىكى، يەنە نەقەدەر ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى...

دادام ياتاق بىناسىنىڭ ئاستىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇھ تارتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان شۇنداقلا بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى. دادامنىڭ بارلىق ئۈمىدى مەندە ئەمەسمىدى ؟ بالىسىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىغا قانچىلىك تەلمۈرگەنىدى؟ لېكىن، مەن دادامنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىدىم. بىركۈنى دادام ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئۆيگە قايتالمىدى، ئۇنىڭغا ئىككى يۈەنگە بولكا ئېلىپ ئاپىرىپ بەرگەن چېغىمدا، بولكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ماڭا بۆلۈپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىدىم. شۇ چاغدا دادام ئېشىپ قالغان بولكىنى شۇنچە تەسلىكتە يۈتتىكى، ھەر يۈتكەن چېغىدا قوۋۇز سۆڭەكلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. مەن شۇ چاغدا يىغلىدىم، ئۈن ـ تۈنسىز يىغلىدىم. يېشىم مەڭزىمگە، كۆكرىكىمگە، ئاندىن يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرگەنىدى.

شۇكۈنى دادام بىلەن بىر كارۋاتتا قىستىلىپ ئۇخلىدۇق، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يېرىم كېچىدە بىر يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام دادام يوتقانغا پۈركۈنۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. دادامنىڭ توختىماي تىترەۋاتقىنىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ئازاپلانغانلىقىنى چۈشەندىم. ئاھ تەڭرىم، دادامنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز يىغىسى... ھەسرەتكە تولغان ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىدىكى ئازاپ ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرى...، يۈرىكىم مۇجۇلۇپ، كۆز ياشلىرىم يەنە ئېقىشقا باشلىدى.

سەھەر، دادامنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، بىر كېچىدىلا نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. دادام خۇددى ھايات ـ ماماتلىق قارار چىقىرىدىغاندەك قىياپەتتە ماڭا: « ئوغلۇم، ھېلى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قېشىغا بارغاندا، مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىل، ئۇقتۇڭمۇ؟ سېنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇيالماسلىقىڭ، مۇشۇ قېتىمغىلا باغلىق بولۇپ قالدى » دەپ جېكىلىدى. دادام ئۆكسۈپ يىغلايتتى، مېنىڭ كۆزلىرىمدىنمۇ ياش ئەگىيتتى.

دادام مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، مەكتەپ مۇدىرى دادامغا: « سىلەرنىڭ بۇ ‹ياخشى› بالاڭلارنى مەكتەپ باشقۇرالمىغىدەك، بولدى قايتۇرۇپ كېتىڭ، مەكتەپ بۇنداق ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتالمايدۇ! » بۇنى ئاڭلىغان دادام چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ مېنى قانچىلىك تەسلىكتە، قانچىلىك جاپادا باقانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىدى... مەكتەپ مۇدىرى تەسىرلەندى بولغاي، مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماڭا: « ماڭا قارا، مەكتەپنى، ئوقۇتقۇچىلارنى قويۇپ تۇرايلى، سەن ئالدى بىلەن داداڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟ » دېدى.

خىجىللىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي تۇرغاندا دادام تۇيۇقسىز يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى، تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ بىر شاپىلاق مېنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويدى. چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ دادامغا قارىدىم، دادام پۇتۇمغا بىرنى تەپتى ـ دە: « ھۇ يارىماس، تىزلان! » دېدى، مەن تىزلانمىدىم، ئەكسىچە ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا دادامغا قارىدىم.

دەل مۇشۇ دەقىقىدە شۇنى ئېنىق كۆردۈمكى،50 ياشلاردىن ھالقىغان ياشانغان دادام 30 ياشتىن ئاشقان مەكتەپ مۇدىرى ئالدىدا ئاستا تىزلاندى... سۆيۈملۈك دادا! سىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي دەۋردە، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلغان چاغدىمۇ تىزلانمىغان ئىدىڭىزغۇ؟ ئاچارچىلىق دەستىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىڭىزدىمۇ تىزلانمىغان ئىدىڭىزغۇ؟ پەرزەنتىڭىزنى دەپ قەرزدار بولغان ۋاقتىڭىزدا، تاياق يەپ يېرىم جان بولۇپ قالغان چېغىڭىزدىمۇ قەرز ئىگىلىرى ئالدىدىمۇ تىزلانمىغان ئىدىڭىزغۇ؟ جېنىم دادا، سىز بالىڭىزنىڭ ئوقۇشىنى، ئىستىقبالىنى دەپ تىزلاندىڭىز!

مەن « گۆپ » قىلىپ (دادامغا) تىزلاندىم. دادام مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئىككىمىزنىڭ يىغا ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغانىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن مەن غەربىي جەنۇپ سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. چاقىرىق قەغىزىنى ئالغان

ئاشۇ كۈنى مەن دادامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم باش ئۇردۇم.

مەنبە: لى شۇيوڭ تۈزگەن « ئەڭ ئاخىرقى بىر دەستە چىنىگۈل » ناملىق مىكرو ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى. بېيجىڭ يەنشەن نەشرىياتى 2009 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى.
تەرجىمە مۇھەررىرى: زۇلپىيە تۇرسۇن (2009)
كوررېكتورى : نۇربىيگۈل ئەھەت (2009)

# مۇھەببەتنىڭ كۈچى

(ھېكايە)

ئەسلي ئاپتورى: ۋاڭ دۇڭ
روزىگۈل ئابدۇشۇكۇر(2010) تەرجىمىسى

قىزىپ قالغاچقا يېزىلىق ئامبۇلاتورىيەدە ئاسما سالدۇرغان ئىدىم.

ئامبۇلاتورىيىدە بىمار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى تونۇش كىشىلەربولغاچقا ئاسمامنى سالدۇرغاچ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم.

تۇيۇقسىز بىر بوۋاي ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە بىر موماينى يۆدەپ، ھاسىراپ ھۆمۈدىگىنىچە ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ كەلدى. ۋاي، بۇ قوشنىمىز جاڭ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەنغۇ، جاڭ ئانىنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

70 كە يېقىنلاشقان جاڭ بوۋاي ياداڭغۇ بولسىمۇ، ناھايىتى تېتىك ئىدى. ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا، يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى جاڭ موماي مېڭىدە قان نوكچىسى پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن ھوشىدىن كەتتى. دوختۇرلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە، بىر ئايدىن كېيىن جاڭ موماي خەتەردىن قۇتۇلدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايتتى. جاڭ بوۋاي قايتىپ كەلگىنىگە ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان ئوغلى بىلەن كېلىنىنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن سىرتقا ئىشلەشكە ماڭدۇرۋەتتى. جاڭ ئانىغا قاراش ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر جان ـ دىل بىلەن جاڭ ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەممىمىز ئويلاپ يېتەلەيمىز. ئەمدىلىكتە جاڭ مومايىنىڭ سالامەتلىكىدىمۇ ياخشىلىنىش بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالىمۇ خېلىلا تۇراقلىشىپ قالغان ئىدى.

بىر جاڭ موماينى كارۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمگەن جاڭ بوۋاي ھاسىرىغىنىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن جاڭ ئانىنىڭ ئەھۋالى مۇقىملاشتى، شۇ چاغدىلا جاڭ بوۋاي خۇشال كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى يول ـ يول قورۇقلاردىنمۇ بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

جاڭ بوۋاينىڭ دېيىشىچە، كەچلىك تاماق يەپ ئۇزاق ئۆتمەي جاڭ موماي توختىماي قۇسۇپ بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. قېرىشقاندەك ئۆيدىكى ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتمۇ بۇزۇلۇپ قالغان ئىكەن، ئەھۋال جىددىي بولغاچقا جاڭ بوۋاي موماينى يۆدىگىنىچە ئامبۇلاتورىيىگە ئەكەلگەن ئىكەن.

بۇ ۋاقىتتا مەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيدە ماقالە يېزىۋاتاتتىم، ئانام ئالدىراش كىرگىنىچە ماڭا : « يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ، تېز بېرىپ جاڭ بوۋاينىڭ بۇغدايلىرىنى ئۆيىگە ئەكىرىشىپ بەرگىن » دېدى. مائۇسنى قويۇپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

ئانچە يىراق بولمىغان جايدا جاڭ بوۋاي مۈكچەيگىنىچە، بىر تاغار بۇغداينى يۆدىمەكچى بولۇپ تۇراتتى، بىراق ھەر قانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن

تاغارنى ئېلىپ ھېچقانچە كۆچىمەيلا ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردىم.

« ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. رەھمەت، رەھمەت ساڭا دوگىزىي،... » دېدى جاك بوۋاي مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ.

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدىم : « جاك بوۋا، سىز بىر تاغار بۇغدايىنىمۇ جايلاپ كۆتۈرەلمەيتتىڭىز، چوڭ ئانامنى قانداق كۆتۈرگەنسىز؟ »

جاك بوۋاي ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كارۋاتتا ياتقان جاك مومايغا بىر باقتى ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە : « چۈنكى بۇ بۇغداي ئەمەس، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرايىم ـ دە! » دېدى.

شۇ دەمدە بىر خىل ئىللىق ئېقىم قەلبىمنى ئىللىتتى...

**مەنبە: « 3 ـ مارت » ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن.**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: زۇلپىيە تۇرسۇن (2009)**

**كوررېكتورى : نۇربىيگۈل ئەھەت (2009)**

# مەن چوقۇم زۇكتۇك بولۇشۇم كېرەك



**ئىسمايىل ھېكىم (2009) تەرجىمىسى**

**(ھېكايە)**

ئۇ فىرانسىيەنىڭ پارىژدىكى بىر كۆچمەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ۋېنگىرىيەلىك، ئانىسى فىرانسىيەلىك بولۇپ، ئىسمى روشەن يات ئەل پۇرىقىغا ئىگە بولغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپلا كەمسىتىشكە، مەسخىرە قىلىشقا ئۇچرايتتى. ئۇ 10 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۆزى ئامراق دالا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ شەھەر سىرتىغا چىقتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ ئەمدىلا خۇشال ۋە مەغرۇر ھالدا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر نەچچە بالا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. بىرسى ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تارتىپ يەرگە يىقىتىۋەتتى. يەنە ئۇنىڭ بۇرنىنى چىنەپ تۇرۇپ: « كەلگۈندى، هارامتاماق، ساڭا ۋېلىسىپىت مىنىشنى كىم قويىدى » دېدى. بۇ باللار ئەنە شۇنداق زەھەرخەندە گەپلەرنى قىلىپ، مەغرۇر ھالدا كېتىپ قالدى. ئۇ بۇزۇلغان ۋېلىسىپىتىگە قاراپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

كەچتە ئۇ دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ـ مەن نېمە ئۇچۇن ھەمىشە بوزەك بولىمەن، نېمىشقا ۋېلىسىپىت مىنسەم بولمايدىكەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ سەن قارشىلىق كۆرسەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى دادىسى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

ـ نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمەيسەن، سېنى بوزەك قىلغان كىشىلەرگە چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشىڭ كېرەك، ـ دادىسى بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ يەنە بىر تەرەپتىن يەردىكى ۋېلىسىپىتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

ـ ئۇلار ھەمىشە مېنىلا بوزەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈم يالغۇز، ئۇلار مېنى كەلگۈندى، هارامتاماق دەيدۇ، ـ دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

ـ كەلگۈندى هارامتاماقنىڭ ۋېلىسىپىت مىنىش ھوقۇقى بولمامدىكەن؟ ياق، ئۇلارنىڭ سېنى« ۋېلىسىپىت مىنمە » دەيدىغان

هوقۇقى يوق. زوڭتوڭمۇ بۇنداق دېيەلمەيدۇ. دادىسى يۇقىرى ئاۋازدا شۇلارنى دېدى ـ دە، ۋېلسىپىتنى يۇدىۋالدى.

تېخى ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن ئۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن زوڭتوڭنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئەڭ هوقۇقلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. هېچقانداق كىشى زوڭتوڭنىڭ ۋېلسىپىتنى يىقىتىۋېتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇنى دەسسىۋېتىشكە تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. هېلىقى كۈنى كەچتە ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىغا مۇنۇلارنى يازدى: « مەن زوڭتوڭ بولۇشنى ئويلاپلا قالماستىن، بەلكى چوقۇم زوڭتوڭ بولۇشۇم كېرەك » .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ باللارچە گۈدەك قەلبىگە زوڭتوڭ بولۇشتىن ئىبارەت بىر ئارزۇنىڭ ئورۇقى چېچىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ھەممىدىن سىر تۇتتى. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراشتىن قورقاتتى. بۇ ئارزۇسىنىڭ ئازراق شۆھرەتپەرەسلىك ئىكەنلىكىنىمۇ هېس قىلغانىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ بەك يىراق ئىدى.

ئۇ 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئىشسىز قېلىپ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىشقا باشلىدى. ئۇ دائىم قاۋاقخانىلارغا بېرىپ ئىشلەپ، مېزىلىك تاماقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۆيدە توك بولمىغاچقا، ئۇ دەرەخ كۆتىكىگە بىر قوي تېرىسىنى قويۇپ كىچىككىنە كىرسىن چىرىقى ئاستىدا جاپاغا چىداپ ئوقۇيتتى. پەقەت ئوقۇيدىغان كىتاب بولسىلا ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىقىمۇ پىسەنت قىلمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىتاب ئوقۇش بەلكىم رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىدى. ھەمدە پەقەت بىلىملىك كىشىلەرلا زوڭتوڭ بولالايتتى.

لېكىن رېئاللىق يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە ئېلىپ كەلدى. 15 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئوقۇتۇشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدى. مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ياشلىرى ئېقىپ چۈشتى.

ـ دادا، مەندە ئۈمىد قالمىدى، پەقەتلا ئۈمىد قالمىدى.

ـ بۇنداق دېيىشىڭگە رۇخسەت يوق، سېنىڭ كەلگۈسىڭ تېخى ئۇزۇن، سەن ئۇتتۇرغىنىڭغا تەن بەردىڭمۇ؟ ماڭا بۇنداق بالا كېرەك ئەمەس. دادىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە غەزەپلەنگەن ھالدا شۇلارنى دېدى.

ـ مېنىڭمۇ ئۇتتۇرغىنىمغا تەن بەرگۈم يوق، بىراق مەندىمۇ ئامال يوقتە.

ـ بالام، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سەن ئالدى بىلەن رېئاللىققا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىشىڭ كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، سەن بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق نامراتلىق ۋە بېچارىچىلىك ئىچىدە ياشايسەن.

ئۇ يېشىنى سۈرتۈپ ھەممىنى يېڭىدىن باشلىدى. قوي باقتى، ئوركېستىردا كانايچى بولۇپ ئىشلىدى، تامچىلىق قىلدى، كەمپۈت زاۋۇتىدا ئىشچى بولدى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى، ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتنىڭ كۆچمەنلەرگە بولغان كەمسىتىشى ۋە خارلىشىنى يەتكۈچە تېتىدى. ئۇ يىغلىدى، ئۈمىدسىزلەندى، لېكىن بەل قويۇۋەتمىدى. ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇپ پارىژ سىياسىي ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بىر مەكتەپدىشى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە سودا قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئون يىلغا يېقىن جان تىكىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شىركىتى بار بولدى. شىركەتنىڭ مۇقىم مۈلكى مىليون فوندستېرلىڭغا يەتتى. لېكىن سودا ساھەسىدە ئۇتۇق قازانغاندىن كېيىن ئۇ سودا ساھەسىدىن چېكىنىپ پارلامېنت ئەزاسى سايلىنىشقا قاتناشتى. مەكتەپدىشى بىلەن شىركەتنىڭ بىر نەچچە مۇدىرىيەت ئەزاسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نەسىھەت قىلغاندا، ئۇ سارغىيىپ كەتكەن بىر كۈندىلىك خاتىرىسىنى چىقىرىپ ئىچىدىكى بىر بەتنى ۋاراقلاپ: « قاراڭلار، بۇنىڭغا مېنىڭ ئارزۇيۇم خاتىرلەنگەن. مەن بۇنى ھەرقانداق ئادەمگە ئېيتىپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇ ئىزچىل قەلبىمدە، مەن ئۇنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشۇم كېرەك. ماڭا بەخت تىلەڭلار » دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپدىشى ۋە مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن بىرەرىمۇ ئۇنى شىركەتكە قايتىشقا نەسىھەت قىلمىدى. بەلكى چاۋاك چېلىپ ئۇنى پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىششقا ئىلھاملاندۇردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق مۇساپىسى ئەگرى توقايلىققا تولغان ئىدى . ئاز بولمىغان بوران ـ چاپقۇن ۋە كىرزىسقا ئۇچرىدى. لېكىن ئۇ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەردى. ئەزەلدىن ۋاز كېچىشنى ئويلاپ باقمىدى.

2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فىرانسىيە زۇڭتۇڭ سايلىمىنىڭ 2 ـ قېتىملىق بېلەت تاشلاش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. خەلق ھەركىتى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ساركوزى غەلبە قىلىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك فىرانسىيە زۇڭتۇڭى بولدى. كىم ئويلىغان دەيسىز، ساركوزى ئەينى ۋاقىتتا كۈندىلىك خاتىرىسىگە « مەن زۇڭتۇڭ بولۇشۇم كېرەك » دېگەن خەتنى يازغان ئاشۇ بالا ئىدى.

غايىمىز ھەققىدە بىز ھەمىشە ئادەتلەنگىنىمىز بويىچە « مەن مۇنداق بولۇشنى ئويلايمەن » دەيمىز، ئەكسىچە « مەن چوقۇم مۇنداق بولۇشۇم كېرەك » دېمەيمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئىككىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم. بىر ئادەم « مەن چوقۇم مۇنداق بولۇشۇم كېرەك » دەپ ئۆزىنىڭ غايىسىنى بايان قىلغان ۋاقىتتا كۆڭلىدە غايەت زور ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ ۋە چوقۇم غەلبە قىلىدىغان ئىشەنچ بولىدۇ، ھەمدە بۇ غەلبە ئىشىكىنى ئېچىشنىڭ زۆرۈر ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆزىڭىزگە « مەن چوقۇم مۇنداق بولۇشۇم كېرەك » دېيەلىشىڭىز كېرەك.

**مەنبە: « ياشلىق ئۇزۇندىلىرى » ژورنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن ئېلىندى.**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: روزىھاجى ئىمام (2008)**
**كوررېكتورى: نۇربىيگۈل ئەھەت (2009)**

# « سادا » ساداسى

ئوقۇغۇۋاتقىنىڭىز فاكۇلتېتىمىز بىردىنبىر نەشر ئەپكارى ھېسابلىنىدىغان « سادا » ژۇرنىلىنىڭ ئونىنچى سانى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانى ئۆز ساداسىنى ياڭراتتى. بۇ « سادا » قەلب ساداسى، بۇ « سادا » ئىجاد ساداسى. شۇڭا بۇ « سادا » ئىجادىڭىزغا ئىلھام بېغىشلاپ، تالانتىڭىزنى نامايەن قىلىدىغان مەيدان ھازىرلىغۇسى!

بۇ يەردە ژۇرنال ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق ئاپتورلارغا ۋە تەھرىرات ئەزالىرىغا سەممىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. رەھمەت سىلەرگە! جاپا چەكتىڭلار!

بۇ ساندا بەزى ئەسەرلەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قالدۇرۇتىلدى. ساۋاقداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشنى سورايمىز. كېيىنكى سانلارغا ئۈلگە، كىچىكلەرگە مەدەت بولغۇدەك « سادا » ياڭرىتىش ئۈچۈن سىزنىڭ قوللىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا كېيىنكى قۇتلۇق سان ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىزنىڭ شۇ نادىر ئەسەرلىرىڭىز « سادا » نى تېخىمۇ سەرخىل قىلغۇسى.

كېيىنكى ساندا « سادا » سىزنىڭ ئىجاد سادالىرىڭىز بىلەن ياڭرىغۇسى! چۈنكى بۇ « سادا » ھەممىمىزنىڭ ساداسى!

كامالىي ئېھتىرام بىلەن

« سادا » ژۇرنىلى تەھرىراتى

# مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر

♥ 2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولدى.

بۇ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ 20 نەچچە كۈنلۈك جاپالىق مەشىق قىلىشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان « 26 - قېتىملىق نەۋروز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى » غەلىبىلىك ھالدا تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. پائالىيەت بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 13:00 دە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مۇراسىم زالى ئالدىدا رەسمىي باشلاندى. بۇ قېتىملىق نەۋروزلۇق پائالىيەتكە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىرىدىن ئې يىتەي (سېكرېتار)، ھەبىبۇللا خوجا (مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى)، داۋ بو (مۇئاۋىن سېكرېتار)، ساخاۋەتلىك كارخانىچى ئابدۇرېشىت ھاجىم، « دۇڭفاڭيى » شىركىتىنىڭ ۋەكىلى لى مىڭ ئەپەندى ۋە ھەر قايسى فاكۇلتېت رەھبەرلىرى، بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، تىجارەتچى - سودىگەرلەر ۋە ھەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەتنىڭ باشلىنىشىدا ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالىم مۇئەللىم مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى ئابدۇرېشىت ھاجىم تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان « ئابدۇرېشىت ئوقۇش مۇكاپاتى » ۋە « دۇڭفاڭيى » شىركىتى تۈنجى قارار تەسىس قىلغان شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. « ئابدۇرېشىت ئوقۇش مۇكاپاتى » ئاساسلىقى ئۆگىنىشى ياخشى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بولۇپ، سوممىسى 500 يۈەن، ھەر يىلى نەۋروزدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان 20 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدۇ. ئابدۇرېشىت ھاجىم بۇ يىل يەنە ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بولغان پۈتۈن خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. « دۇڭفاڭيى » ئوقۇش مۇكاپاتىنىڭ سوممىسى 2000 يۈەن بولۇپ، ھەر يىلى 50 نەپەر شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدۇ.

مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇئاۋىن مۇدىر ھەبىبۇللا خوجا نەۋروزلۇق تەبرىكنامە ئوقۇدى، سېكرېتار ئې يىتەي، دۇڭفاڭيى شىركىتىنىڭ ۋەكىلى دۇرۇبۇ قاتارلىقلار كەڭ نەۋروز ئەھلىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپ سۆز قىلدى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى تەشەككۈرىنى بىلدۈردى.

نەۋروز بايرىمىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە مەردانە يىگىتلەر بىر مەيدان شوخ ساما سېلىپ پائالىيەتنى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

سامادىن كېيىن نەۋروز ئەھلى قىزغىن مەشرەپكە چۈشتى. « نەۋروزنامە » لەر ئوقۇلۇپ مەشرەپ ئەھلىنى تېخىمۇ شادلاندۇردى. سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىنلىقىغا ئاتاقلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى گۈلباھار تۇرسۇن « بىر پىيالە مەي» ناملىق ناخشىسىنى سۇنۇپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

زال ئىچىدىكى پائالىيەت سائەت 15:00 تە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىدىكى ئوغۇل - قىزلارنىڭ شادىيانە ئۇسسۇلى بىلەن باشلاندى. ( زال ئىچىدىكى پائالىيەتكە مېھرۇللاھ تەۋەككۇل، ساجىدە، ئەكبەر، ئېھسان تاھىر، گۈلجەننەت نىجات قاتارلىقلار رىياسەتچىلىك قىلدى.) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىمىز بىزنىڭ نەۋروزلۇق پائالىيىتىمىزنى ئىككىران ئارقىلىق تەبرىكلىدى. سەنئەت كېچىلىكىگە

بېيجىڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ سەرخىل نومۇرلىرىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق چولپانلىرىمىزدىن ياش ناخشىچى ئەركىن ئابدۇللا، ئەل سۆيگەن كۇلدۇرگە چولپىنى ئابدۇكېرىم ئابلىز، كىچىك چولپان ئەرفان قاتارلىقلار قاتنىشىپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. قېرىنداش مىللەتلەردىن قىرغىز، قازاق ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، نەۋروزنى بىز بىلەن بىللە قۇتلۇقلىدى.

بۇ كېچىلىككە يەنە بىر قىسىم چەتئەللىك دوستلارمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئافغانىستانلىق ئابدۇللاھ « نەۋروزنامە » ئوقۇپ سورۇن ئەھلىنى سۆيۈندۈرسە، كانۋاي كۆينەك، چىمەن دوپپا كىيىپ سەھنىگە چىققان گېرمانىيەلىك يوھان تولىمۇ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا « ئەسسالام » ناملىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىسىنى ھېسسىياتلىق ئېيتىپ كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇردى.

بۇ كېچىلىكتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، بۇ 26 ـ قېتىملىق نەۋروزلۇق پائالىيىتىمىز ئوت يۈرەك شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، كېچىلىكتە شائىرنىڭ تەۋەللۇتىغا ئاتاپ شېئىرلار ئوقۇلدى.

بۇ قېتىملىق سەنئەت پائالىيىتىگە ھەر قايسى مەكتەپلەردىن 70 تىن ئارتۇق نومۇر تىزىملىتىلغان بولۇپ، تۈرى سەرخىل ۋە ئىجادىي بولغان 25 نومۇر تاللىنىپ قاتناشتۇرۇلدى. پائالىيەتتە يەنە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن « ئالتۇن كەش » چۆچىكى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاندى. مەركىزىي تىياتىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پەخرىدىن قاتارلىقلار ئورۇنلىغان « سەن قەيەرلىك » ناملىق ئېتۇتتا يۇرتۋازلىقتىن ئىبارەت ناچار ئىللەت يۇمۇرلۇق تىل ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىپ، سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

پائالىيەت تەييارلىق مائارىپ ئىنىستىتۇتىدىكى گۈلجەننەت نىجات، ئىھسان تاھىر باشچىلىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەردانە « دولان مەشرىپى » ئۇسسۇلى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممەيلەن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بىر ـ بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە كېچىلىكنى ئاخىرلاشتۇردى.

♥ فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە مەكتىپىمىزنىڭ ۋېنخۇا بىناسى غەربىي ئوقۇتۇش رايونى 0608 ـ سىنىپىدا « ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى » ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇ يىل ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بېرىشتىن كېيىن ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتناشماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا جانلىق بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈپ بەردى.

♥ 2 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەكتىپىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنىستىتۇتىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە ئىنىستىتۇتىمىزنىڭ بەش فاكۇلتېتىدىكى مىللىيچە كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇلى بىلەن باشلاندى. فاكۇلتېتىمىز 2010 ـ ،2011 ـ يىللىق سىنىپتىكى ئوغۇل ـ قىزلارمۇ كانۋاي كۆينەك، ئەتلەس كۆينەكلىرىنى كىيىپ مىللىيچە ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن مەيداننى چاڭ كەلتۈردى. مۇسابىقە داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى، فاكۇلتېتىمىزدىن گۈلزىرە(2010)، مۇساجان(2010)، مەمەتجان(2011)، مىرئادىل(2011) قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر قىسىم تۈرلەردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ فاكۇلتېتىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى.

♥ 2 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ، 21 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن چېن لى، لى دوڭگۇاڭ، ما ۋېنشى، ھەبىبۇللا، داۋۇت قاتارلىقلار ۋە ھەرقايسى ئىنستىتۇت ـ فاكۇلتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ تەنتەربىيە ھەيئىتى داۋۇت باشلىنىش سۆزى قىلدى، شۇنداقلا مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋە خىزمەت قىلغانلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى ھەم تەنھەرىكەتچىلەرگە قارىتا بەزى تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويدى. ئىككى كۈنلۈك مۇسابىقە جەريانىدا ھەر قايسى ئىنستىتۇت ـ فاكۇلتېتلاردىكى ماھىرلار مۇسابىقىدە ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. قىزلار ئۈچ كىشىلىك ياغاچ ئاياق دېگەندەك تۈرلەردە نەتىجە يېڭىلىدى. فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ھەر قايسى تۈرلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى ۋە ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئاخىرىدا خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇسابىقە 21 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇلى« مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن » بىلەن داغدۇغىلىق ئاياغلاشتى.

♥ 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشىدە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان 2007ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر كېچىلىككە فاكۇلتېتىمىز شۇجىسى ئەركىن مۇئەللىم، ئىمام مۇئەللىم، ئەكبەر مۇئەللىم 2007 ـ يىللىق سىنىپ مۇدىرى نۇرگۈل خانىم قاتارلىقلارمۇ ئالاھىدە قاتناشتى. پائالىيەت « ئايرىلىش مىنۇتلىرى » دېگەن ناخشا ساداسى ئىچىدە باشلىنىپ، يۇقىرى كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ 2007 ـ يىللىق سىنىپ كوللېكتىپى ئورۇنلىغان ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاخىرىدا فاكۇلتېت رەھبەرلىرى ۋە سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئۇتۇق ۋە نەتىجىلەرنى تىلەپ قىيمىغان ھالدا ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

♥ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى باش بولۇپ تەشكىللىگەن 4 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى « جەلىپكار مىللەت » تېمىسىدىكى ئەدەبىيات سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 2012 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە مەكتەپ مۇراسىم زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە جەمئىي 12 نومۇر قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەر قايسى ماھىرلار ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان سەرخىل نومۇرلىرىنى كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇپ ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە فاكۇلتېتىمىز 2008 ـ يىللىق، 2011 ـ يىللىق سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىرلىشىپ تەييارلىغان « مەشرەپ » ناملىق كوللىكتىپ ئۇسۇل ئايرىم ـ ئايرىم « ئەڭ ياخشى ئۇنۇم مۇكاپاتى » ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2009 ـ يىللىق، 2011 ـ يىللىق سىنىپ تىكى ساۋاقداشلار بىرلىشىپ تەييارلىغان « ئۇيغۇر قىزى » ناملىق ئۇسۇللۇق ناخشا ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، فاكۇلتېتىمىزغا شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

**رەتلىگۈچى: ئىسمايىل ھېكىم (2009)**

**بۇ ساننىڭ يېتەكچى كوررېكتورلىرى: خانقىز مەتتوختى(2007)، ماھىرە تۇرسۇنتوختى (2007)**

## 译丛

跪下了的父亲……………………………………………… 布麦热姆•苏来曼 76
真爱的力量……………………………………………… 肉孜古丽•许克力 78
我一定要做总统……………………………………………… 依斯马依力•艾肯木 79

## 新闻之窗

年度简讯……………………………………………………82

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 心声

## 目录

### 人物专访


辛勤的园丁，我们可敬的依马木老师.............茹克亚•吐尔逊，努热曼古丽•麦麦提伊明 1
再见民大，再见师哥、师姐..................................................................
..............................依斯马依力・艾肯木，胡尔西丹・塞米，斯提尼沙・玉苏甫 27


### 爱国诗人鲁特甫拉・穆塔里甫


寻求鲁特甫拉的精神................................................... 赛尔达尔・吾麦尔 7
一颗诗人的心......................................................托合提・努尔 10
黎・穆塔里甫作品总目录......................................艾克拜尔•卡德尔 11
黎・穆塔里甫诗歌中的爱民精神................................木乃瓦・曼合木提 24
祝贺鲁特甫拉・穆塔里甫诞生 ................................... 茹克亚•吐尔逊 26
祭奠...........................................................................赛尔达尔・吾麦尔 37


### 诗歌之园


永远的爱情....................................................... 阿力木江・托合提 6
格则里............................................... 阿卜杜哈力克・阿卜杜瓦伊提 75


### 故事天地


爱情...........................................................................吾拉音・沙吾提 34
忧郁之殇..................................................艾可拜尔・阿不都热依木 38
黑夜的梦魇.......................................................布沙热木・喀哈尔 41


### 论文集


《论真理入门》当中动词的不定式.................................. 齐曼姑丽・木合塔 44
论鄂尔浑王朝官职名称 ...................................... 阿布都外力・卡迪尔 57


### 散文园地


寻找......................................................................... 肉孜阿吉・依马木 56

www.uyghurkitap.com

# 心声

（维吾尔文，内刊）

顾问：力提甫·托乎提、艾尔肯·阿不杜拉

指导老师：依马木·毛拉洪、麦麦提

主编：买力叶木古丽·吐逊（07）

副编：托合提·努尔（08）

编委成员：阿卜杜哈力克（09）、阿米娜（11）、阿依古再丽（08）、土尔克扎提（09）、肉孜阿吉（08）、茹克亚（10）、赛尔达尔（2011）、祖丽皮耶（09）、祖力胡马尔（08）、买买提江（11）、木乃瓦（09）、吾拉音（11）

校对：阿依加玛丽（11）、哈尼克孜（07）、先米西喀买尔（09）、玛伊热姆（07）、努尔比古丽（09）

排版：阿卜杜哈力克·阿卜杜瓦伊提（09）

中央民族大学维吾尔语言文学系团总支学生会

《萨达》杂志编辑部

2012年6月 北京